ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى «سادا» ژۇر-
نىلىنىڭ نەشىر قىلىنغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!
مۇنشۇ ژورنالنىڭ پارتىيىنىڭ مائارىپ فاكچىنىنى
ئەمەلىلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئەقلى، ئەخلاقى،
جىسمانىي ۋە گۈزەللىك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق
يېتىلدۈرۈشكە تۆھپە قوشۇشىغا تىلەكداشمەن.

مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى
ھەبىبۇللا خوجا

**سادا**

١٩٨٥-يىل ١٥-ئىيۇن

(ئىچكى ژۇرنال)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەسلىھەتچىلەر: **لىتىپ توختى**
**ئەركىن ئابدۇللا**
يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلار: **ئابدۇرەئوپ پولات تەكلىماكانىي**
**ئىمام موللاخۇن**
باش مۇھەررىر: **ئۆمەرجان ئىسمائىل ئارتۇچى**
مۇئاۋىن مۇھەررىر: **دىلئارام ۋەلى**
گۈزەل ـ سەنئەت مۇھەررىرى: **ئابدۇمجىت ئابدۇللا**
تەھرىر ھەيئىتى: **ئۆمەرجان، دىلئارام، توختىقارى، ئايگۈزەل، قۇربانجان، تۇركىزات،**
**ئابدۇۋەلى، گۆھەرنىسا، گۈلقىز، مەريەمگۈل**
ئىملا مۇھەررىرلىرى: **ئاسىمە، خانقىز، ماھىرە تۇرسۇنتوختى، ماھىرە ئوسمان**
مۇخبىرلار: **ئېلزىرە، ئىسمايىلجان، چىمەنگۈل**
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: **شۆھرەت**
تەكلىپلىك ماشىنىست: **شەمشىقەمەر**

مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇرتىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى
ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

# بۇ ساندا

## شەخس

ئۇستاز دېگەن شۇنداق بولسا.................................. ئۆمەرجان ئىسمائىل ئارتۇچى 1

muc شاھمات شاھىنىڭ ھېكايىسى... ......... ژۇرنىلىمىز مۇخبىرلىرى 7

ئوقۇش پۈتتۈرىدىغانلار نېمە دەيدۇ........ ئېلزىرە ۋەلى 11


## تۇرمۇش پاراڭلىرى


كروران.......... يۈسۈپجان روزى 17

قەدىناسلار.......... تۇركىزات ئابدۇبەسىر 19

دىۋانىلەر ئۇرۇشى........ ...... نۇرئەخمەت مەخمۇت 23

مېنىڭ ئوغلۇمدەك.......... مەريەمگۈل تۇرسۇن ساباھى 27

تۆگە ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئېچىلغان يىغىندىن تېز سىزما.......... مىھرۇللا تەۋەككۈل 28


## ئىلھامنامە


مۇھەببەت ئالىمى.......... ئىلھامجان يۇنۇس 30

ئېيتىلمىغان مۇھەببەت.......... روزىھاجى ئىمام 34


## قامۇس


خەلقئارا ئانا تىل بايرىمى........ ........ ....... لىتىپ توختى 36


## يىللىق ئۆلگىلىك ماقالىلەر


ئۇيغۇر تىلىنىڭ لاتىنچە ئىپادىلىنىشى.......... شۆھرەت ئابلا 37

«لىسانۇت تەير» نىڭ ئەدەبىي قىممىتى ھەققىدە.......... خۇرشىدە ئابدۇشۈكۈر 52


## گۈلستان


تاتلىق چۈش.......... مىنەۋەر ئەخمەت گۈلگۈن 69

www.uyghurkitap.com


ئايەم مۇبارەك.....................................................قۇربانجان ۋاھاپ 70

ئىككى شېئىر.................................................................توختقارى نۇر 72

مۇشۇ ياشتا ساۋاقداش بولساق........................................ئالمجان توختى 74


## تەرجىمە كۆزنىكى


قولياغلىقڭنى ئېلىۋالدىڭمۇ؟..............................ئۆمەرجان ئىسمائىل ئارتۇچى 76


كۆچلۈك ئارزۇ مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىششتىكى تۇنجى قەدەم.....................ئاسمە ئىلهام 87

دېيىش تەس گەپ.........................................................دىلئارام ۋەلى 88

تەپەككۇر ئۇنچىلىرى..............................................ماھىرە تۇرسۇنتوختى 93


## ئۇچۇر


يىللىق قىسقا خەۋەرلەر.................................................ئاينۇرقىز مەمتىمىن 94


مۇقاۋىدىكى «ئۇۋچى قىز» ناملىق رەسىمنى 2007 ـ يىللىقتىن ئادىلەقىز سىزغان



# ئۇستاز دېگەن شۇنداق بولسا

## ئۇمەرجان ئىسمائىل ئارتۇچى (2006)

ژۇرنىلىمىزنىڭ ھەر ساندا بىر ئۇستازىمىزنى تونۇشتۇرۇشتەك بۇ ئىشنىڭ گۈل چېيى، فاكۇلتېتىمىزنىڭ تىلشۇناسلىق پەنلىرى ئوقۇتقۇچىسى مۇنەۋۋەر مۇئەللىمگە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، مەن ئالاھىدە ئۇنى ئىزدىدىم ھەم پىلانلىرىمنى بايان قىلدىم.

مۇنەۋۋەر مۇئەللىم ماڭا پايدىلىنىشىم ئۈچۈن «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلى 2000 ـ يىللىق 9 ـ سانىنى بەردى. مەن ژۇرنالدىكى «ياش فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللاغا ئوچۇق خەت» تېمىدىكى ماقالىنى ئوقۇپ، قانداق يېزىش مەسىلىسىدە ئويلىنىپ قالدىم. ئىلگىرى ئەدەبىي ئاخباراتلار ۋە تەرجىمىھاللار بولسۇن، نوقۇل ھالدا شۇ كىشىنىڭ شان ـ شەرەپلىرىنى تىزىپ بايان قىلىش بىلەنلا چەكلىنەتتى. ئالدىنقى ساندىكى تەرجىمىھالغا بەزى ساۋاقداشلارنىڭ قىلغان پىكىرلىرىنى ئويلاپ، بۇ تەرجىمىھالنى ئازادە، ئىختىيارىي ۋە يېڭىچە يېزىشقا كۈچەپ باقتىم.

تولۇق ئوتتۇرا ۋاقتىمدا بولسا كېرەك، مۇنەۋۋەر مۇئەللىمنىڭ نامىنى ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئاڭلىغان ئىدىم ھەم ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلاتتىم. بۇ مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۇچراتماق بولۇپ كۆپ ئىزدىدىم. ئەمما، ئۇچرىتالمىدىم. ژۇرنىلىمىزنىڭ 6 ـ سانىغا مۇنەۋۋەر مۇئەللىمنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى يېزىش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەندە، مۇئەللىم بىلەن قايتىدىن تونۇشۇش، تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم.

ئۇ ئائىلىسىدە كۆيۈمچان بىر ئانا، مەكتەپتە تەلەپچان ئوقۇتقۇچى. جەمئىيەتتە بولۇپمۇ ئىلىم ساھەسىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئالىم. مۇنەۋۋەر مۇئەللىمنىڭ ھازىرقى نەتىجىلىرىگە قارايدىغان بولساق، بۇ نەتىجىلەرنىڭ تەقدىرنىڭ مۆجىزىسى بىلەن ئەمەس، ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر تىرىشىپ، ئىلىم ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى دەپ ھۆكۈم چىقىرالايمىز، ئەلۋەتتە.

مۇنەۋۋەر مۇئەللىم 1960 ـ يىلى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چېتىگە جايلاشقان دولان يۇرتى ـ ئاقسۇ ئاۋاتتا زىيالىي ئائىلىسىدە يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتى. دادىسى ھەبىبۇللا ئاكا 50 ـ يىللاردا سابىق شىنجاڭ دارىلفۇنۇن ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن كەسپىنى پۈتتۈرگەن ئۇقۇمۇشلۇق كىشى بولغاچقا، ئۇزۇن ئويلىششلاردىن كېيىن قىزى مۇنەۋۋەرنى خەنزۇچە مەكتەپكە بەردى. دەرۋەقە كىچىك مۇنەۋۋەر خەنزۇ باللارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئەلا نەتىجە بىلەن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈردى. ئۇ شۇ ۋاقىتتا دوختۇر ياكى خېمىيە ئالىمى بولۇش ئىستىكىدە، سەبىي كۆڭلىگە گۈزەل ئارمانلارنى پۈكتى. ئەمما، تەقدىرنىڭ چاقچىقى بىلەن،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى

ساۋاقداشلىرى بىلەن ناھىيىلىك ياشلار تەربىيە ئىلىش مەيدانىغا چۈشۈرۈلدى.

سەھرادىكى تامامەن باشقىچە بىر مۇھىت ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇ قويۇق تۇرمۇش پۇرىقى گۈپۈلدەپ تۇرغان ئانا سەھرا قوينىدا ئۆز مىللىتىنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ ـ ئادىتى بىلەن قايتا تونۇشتى ھەمدە ئۇلارغا ئىپتىپ تۈگەتكۈسىز مۇھەببەت قەلبىدە يالقۇنجىدى. شۇ كۈنلەردە مۇنەۋۋەر مۇئەللىم بىر ياقتىن تەرجىمانلىق قىلسا، بىر ياقتىن ئىپتىزلاردا، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە، توي مەشرەپلىرىدە ئۇيغۇر تىلىنى يەنى ئۆز ئانا تىلىنى پۇختىلاپ ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىشنى باشلىدى.

1978 ـ يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، مۇنەۋۋەر مۇئەللىمنىڭ ھاياتىدا چوڭ بۇرۇلۇش بولدى. ئۇ ئۆز ئانا تىلىدا ئىمتىھانغا قاتنىشىپ، يۇقىرى نومۇر بىلەن مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىياتىغا قوبۇل قىلىندى. ۋاقىت دېگەن ئاجايىپ نەرسە ئىكەن. قەدرىنى بىلىپ، ۋاقىت بىلەن بەيگىگە چۈشۈپ ئۇنى بويسۇندۇرالىغانلار ئۆز غايىسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدىكەن. ئەكسىچە، ۋاقىت تۇيغۇسىنى ئۇنتۇپ ھورۇن، لايغەزەللىك قىلغان كىشىلەرگە ۋاقىت يۈزسىزلىك قىلىدىكەن. بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن مۇنەۋۋەر مۇئەللىم ۋاقىتنىڭ ھەر بىر سېكۇنتىنى قەدىرلەپ، مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىدىكى سىنىپ، ياتاق، تاماقخانا ۋە كۈتۈپخانا ئارلىقىدا ئۆگىنىش، ئىزدىنىش، توختاۋسىز تىرىشىش ئارقىلىق ئۆتكۈزدى. بېيجىڭدىكى بۇ بەش يىل ئۇنىڭغا تولىمۇ قىسقا تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ئەخلاقى، ئەقىللىقى، تىرىشچانلىقى ساۋاقداشلىرىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى ۋە 1982 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپلا، فاكۇلتېتتا ئوقۇتقۇچىلىققا تاللىنىپ قالدى.

توغرا، ھايات يولىدا يۇلتۇزدەك چاقناپ ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈن، بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ئادىمىيلىك پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. پەقەت، ئالغا قاراپ ماڭغاندىلا، تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. مۇنەۋۋەر مۇئەللىم ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئۆزى ئىگەللىگەن ئازغىنە بىلىملىرى بىلەن دەۋرنىڭ تەلىپىگە بولۇپمۇ، ھەر مىللەت زىيالىيلىرى توپلاشقان، رىقابەت كەسكىن بولغان مۇھىتتا پۇت تىرەپ تۇرۇشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە 1984 ـ يىلى ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھان بېرىپ، ئاتاقلىق تىلشۇناس، پروفېسسور خەمىت تۆمۈر ۋە لى سىن ئەپەندىنىڭ ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىسى بولۇپ تاللاندى. كەسپىتە پىشقان، قابىل ئۇستازلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى، ئۆزىنىڭ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشى ۋە چوڭقۇرلاپ تەتقىقاتتا چۆكىشى نەتىجىسىدە «ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ كلاسسىفىكاتسىيىسى» دېگەن تېمىدىكى ماقالىنى ياقلاپ، تۈركىي تىل ـ ئەدەبىياتى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

مۇنەۋۋەر مۇئەللىم يۇقارقى نەتىجىلىرى بىلەن مەغرۇرلىنىپ كەتمىدى، ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتتا زېھنىنى قارىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئىزدىنىشكە ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ئۆگەنگەنلىرىنى ئىشلىتىشكە ئىلھاملاندۇردى. ئۇ ئۆز بىلىمىنى تېخىمۇ كامالەتكە يەتكۈزۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا مۇكەممەل بىلىم بېرىش ئارزۇسىدا، 1994 ـ يىلى دوكتۇرلۇق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، ئاتاقلىق تۈركولوگ خۇجىنخۇا ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە دوكتورلۇق ئوقۇش ھاياتىنى باشلىۋەتتى. قېرىنداش تۈركىي مىللەتلەر تىلىنى پۇختا ئىگىلەش ۋە سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاچقا، ئۇ ئۇستازى خۇجىنخۇا ئەپەندىنىڭ تەكلىپى بويىچە دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى ئۈچۈن «سالار تىلى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن تېمىنى تاللىدى. بۇ چاغدا ئۇنى ئۆي غېمى ۋە ئوقۇش غېمى تەڭلا قىينىدى. چۈنكى شۇ چاغلاردا يولدىشى ئابدۇرەئوپ پولاتمۇ چەتئەللەردە بىلىم ئاشۇرۋاتاتتى. شۇنداق شارائىتتىمۇ، ئۇ قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەي، ئائىلىلارغا خاس سەۋرچانلىقى بىلەن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى. 1996 ـ يىلى مۇنەۋۋەر مۇئەللىم ماقالىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن سالارلار ئولتۇراقلاشقان

چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شۈنخۋا سالار ئاپتونوم ناھىيىسىگە يول ئالدى. سالارلارنىڭ ئەجدادى 13 ـ ئەسىردە يىپەك يولىنى بويلاپ، شىنجاڭ ئارقىلىق چىڭخەيگە كۆچۈپ كەلگەن. تۈركمەنلەر بىلەن بىۋاستە ئېتنىك مۇناسىۋىتى بولۇپ، تۈركمەنىستاندىكى سالار قەبىلىسى تۈركمەنلەرنىڭ چوڭ قەبىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇ سالارلارنىڭ تۈركمەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى كۆپلىگەن ماتېرىياللارنى كۆرۈپ، تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 1997 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۆز خىراجىتى بىلەن تۈركمەنىستانغا بېرىپ، تۈركمەن دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۈركمەن تىلى ئۆگەندى. ئۇنىۋېرسىتېتتىكىلەر ياتاق ئورۇنلاشتۇرۇپ، مائاش بېرىپ دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ بىر ياقتىن روس ۋە تۈركمەن تىلى ئۆگەنسە، يەنە بىر ياقتىن بوش ۋاقىتلىرىدا يېزا ـ قىشلاقلارغا بېرىپ تىل تەكشۈردى. كۇتۇپخانىلاردا رۇس ۋە تۈركمەن تىلىدىكى ئەسەرلەرنى كۆپلەپ كۆرۈپ، سالارلار بىلەن تۈركمەنلەرنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى ۋە تارىخىغا ئائىت ئۇچۇرلارنى توپلىدى. مۇنەۋۋەر مۇئەللىمنىڭ ئىزدىنىش روھى، تىرىشچانلىقى ۋە قەتئىي ئىرادىسىدىن خەۋەر تاپقان تۈركمەنىستان دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «ئانا ۋە ئالىم» دېگەن تېمىدا مەخسۇس فىلىم ئىشلەپ، مۇنەۋۋەر مۇئەللىمنى تونۇشتۇردى. مۇنەۋۋەر مۇئەللىم تۈركمەنىستاندىكى بەش يىللىق ئوقۇشىنى تاماملاپ، ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. گەرچە دىسسېرتاتسىيە ياقلاشقا ئارانلا تۆت ئايچە ۋاقىت قالغان بولسىمۇ، ئۇ كېچە ـ كېچىلەپ چىراق نۇرىدا ئولتۇرۇپ، ئىلمىي قىممىتى زور بولغان 200 مىڭ خەتلىك ماقالىنى يېزىپ تاماملىدى. 1998 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دىسسېرتاتسىيە ياقلاش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا ئەخمەت پاسار، پروفېسسور جاڭ گۇيجىڭ قاتارلىق ئالىم، مۇتەخەسسىسلەردىن باشقا، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى تەۋەككۇل سىدىق، مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى خاجىڭ شىيۇڭ، ئۇيغۇر ـ قازاق ـ قىرغىز فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى تۇرسۇن ئايۇپ قاتارلىق رەھبەرلەر قەدەم تەشرىپ قىلغانىدى. يىغىن 4سائەت جىددىي كەيپىيات ئىچىدە داۋاملىشىپ، ئاخىرىدا باھالاش گۇرۇپپىسىنىڭ يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىشى بىلەن مۇنەۋۋەر مۇئەللىمنىڭ «فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى» دەپ باھالانغانلىق ھۆكۈمى جاكارلىنىشى بىلەن زالدا گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى مۇنەۋۋەر مۇئەللىمگە دوپپا كىيدۈردى، خۇشپۇراق گۈللەرنى تەقدىم قىلدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتلاردا مۇنەۋۋەر مۇئەللىمنىڭ كۆزىدىن ھاياجانلىق ياشلىرى تۆكۈلۈپ، كۆڭلىدە ئىلگىرىكى جاپالىق ئۆگەنگەن چاغلىرىنى ئەسلەپ، ئۆز ـ ئۆزىگە «ھاردۇقۇم چىقتى، ئەمدى بىر ئۆمۈر ئىلىم تەتقىقاتىغا زېھنىمنى سەرپ قىلىمەن» دەپ پىچىرلىدى.

1998 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مۇنەۋۋەر مۇئەللىم دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتىدىن چەت ئەلگە ئەۋەتكەن زىيارەتچى ئالىملار قاتارىدا يەنە بىر نۆۋەت تۈركمەنىستانغا بېرىپ، تۈركمەنىستان دۇنيا تىللىرى ئىنىستىتۇتىدا بىر يىلغىچە ھەم دەرس ئۆتۈپ، ھەم تۈركمەن خەلقىنىڭ 18 ـ ئەسىردىكى ئاتاقلىق كلاسسىك شائىرى مەختۇمقۇلىنىڭ شېئىرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى (ئابدۇرەئوپ پولات بىلەن بىللە). مەزكۇر كىتابقا تۈركمەنىستان پرېزىدېنتى ساپامىرات نىيازوۋ، جۇڭگونىڭ تۈركمەنىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ئايرىم ـ ئايرىم كىرىش سۆزى يېزىپ، ئۇنىڭغا قايىل بولغانلىقىنى ئېيتتى. 2000 ـ يىلى2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى پرېزىدېنت نىيازوۋنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلىگەندە، جۇڭگونىڭ تۈركمەنىستاندا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى «مەختۇمقۇلى شېئىرلار توپلىمى» نىڭ تەرجىمە نۇسخىسىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدى. بۇ ھەقتە مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «خەلق گېزىتى» قاتارلىق تاراتقۇلاردا مەخسۇس خەۋەر بەردى.

مۇنەۋۋەر مۇئەللىم ئوقۇتۇش جەريانىدا فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلىرىغا «ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى»،

www.uyghurkitap.com

«ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ۋە تىل تەكشۈرۈش»، «تۈركىي تىللاردىن ئومۇمىي بايان»، «رۇس تىلى» قاتارلىق كۆپلىگەن دەرسلەرنى ئۆتۈپ كېلىۋاتىدۇ. يۇقىرىدا مۇنەۋۋەر مۇئەللىمنىڭ ئىلمىي ھاياتى توغرىسىدا قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتتۇق. گەرچە ئۇ بىر ئايال بولسىمۇ، تاغدەك قىيىنچىلىقلارنى ئەرلەرگە خاس جاسارەت بىلەن كۆكۈم ـ تالقان قىلىپ، ئىلىم ساھەسىدە ئۆز نوپۇزىنى تىكلىدى. خەلقىمىزدە «تىرىشقان تاش ئاشار» دېگەن ماقال بار. دۇنيا كۈنسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقان مۇشۇ پەيتلەردە ھەر بىر مىللەت ئۆزىنى بىلىم ئارقىلىق يېڭىلاپ، گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىشقا ئاتلاندى. ئەگەر ئارىمىزدىن مۇشۇنداق ئىرادىلىك ئاياللار كۆپلەپ چىقىپ، بىلىم ئەھلىنىڭ قايىللىقىنى قوزغىيالىسا، بىزنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ياراملىق تەربىيىلىنىشىدە گەپ يوق، ئەلۋەتتە.

ئاخىرىدا، مۇنەۋۋەر مۇئەللىمنىڭ ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىنىڭ نەتىجىلىك، تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، بىز ئوقۇغۇچىلارنى ياراملىق ئەۋلادلار قىلىپ تەربىيىلەش يولىدا تۆككەن مېھنەتلىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ تۆۋەندىكى بىر كۇبلىت مۇخەممەس بىلەن بۇ يازمامنى ئاخىرلاشتۇرىمەن.

ئىلىم ئىشقى يولىدا شامدەك كۆيگەن ئايالسەن،
نۇرلاندۇرۇپ ھاياتنى كۆكتە ئۈزگەن ئايالسەن،
ئائىلىدە ئانا بولۇپ مېھىر بەرگەن ئايالسەن،
توختاپ قالماي ئىزىڭدا ئالغا ماڭغان ئايالسەن،
ئىسمۇ ـ نامىڭ بىراقلا «قوش مۇنەۋۋەر» ئايالسەن.

# مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللا ئىلمىي ئەمگەكلىرى كاتولوگى

## 1. تەرجىمە ئەسەرلەر

1) «مەختۇمقۇلى شېئىرلىرى»، (18 ـ ئەسىردىكى قەدىمكى تۈركمەن تىلىدىن خەنزۇتىلىغا تەرجىمە قىلىنغان)، 2000 ـ يىلى خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. تۈركمەنىستان زۇڭتۇڭى كىرىش سۆز يېزىپ بەرگەن بولۇپ، ئەينى يىللىرى رەئىس جياڭ زېمىن تۈركمەنىستاندا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولغاندا، بۇ ئەسەرنى دۆلەت سوۋغىسى سۈپىتىدە زۇڭتۇڭ نىيازوۋغا تەقدىم قىلغان.

2) «تۈركمەنىستان زۇڭتۇڭى شېئىرلار توپلىمى»، 2010 ـ يىلى دېمكوراتىيە ۋە قانۇنچىلىق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

3) «HSK تېزلىكتە كۈچەيتىش دەرسلىكى»، 2006 ـ يىلى بېيجىڭ تىل ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

## 2. دەرسلىكلەر

1) «ئۇيغۇر تىلى دىئالېكتلىرى ۋە تىل تەكشۈرۈش»، 2004 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

2) «روسچە ـ خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە ـ ئۇيغۇرچە ئادەت سۆزلۈكلىرى لۇغىتى» نى يېزىشقا قاتنىشىپ، 300مىڭ خەتلىك قىسمىنى ئىشلىگەن، 1994 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

## 3. ئېلان قىلىنغان ماقالىلار

1) «ئىسىم ۋە پېئىل شەكىللىرىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە»، مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتىنىڭ

1995 ـ يىلى 2 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان.

2) پىروفېسسور ماشۆلىياك بىلەن «تىل تەتقىقاتىنىڭ ئاساسىي ئۇقتىدارلىرى ھەققىدە سۆھبەت»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1996 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا بېسىلغان.

3) «سالارلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىشى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە»، بۇ ماقالە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تۈركىي تىللار ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» 2 ـ تومغا بېسىلغان.

4) «جۇڭگو ۋە چەتئەلدىكى تىل تەكشۈرۈشتىن خاتىرىلەر»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسپىرانتلار ئىلمىي ژۇرنىلى 1998 ـ يىلى 1 ـ ساندا بېسىلغان.

5) «سالار تىلى بىلەن تۈركمەن تىلىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەمدە سالار تىلىنىڭ تەرەققىيات تارىخى ھەققىدە»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 2000 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان.

6) «ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى تەتقىقاتىدا ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بولغان بىر قانچە مەسىلەر توغرىسىدا»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان.

7) «تىل تەتقىقاتىدا دالا تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە مۇلاھىزە»، «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق 3 ـ سانىغا بېسىلغان.

8) «سالار مىللىتىنىڭ مەنبەسى ۋە شەكىللىنىشى ھەققىدە مۇلاھىزە»، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 2001 ـ يىللىق 6 ـ سانىغا بېسىلغان.

9) «سالار تىلى لېكسىكىسى ھەققىدە تەھلىللەر»، «مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىللىق1 ـ سانىغا بېسىلغان.

10) «بايرام ئەلىدىكى ئۇيغۇرلار»، «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 2 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان.

11) «سالار تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلىرى»، «مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىللىق 6 ـ سانىغا بېسىلغان.

12) «نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ تۈركمەن كېلاسسىك ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە»، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىللىق 6 ـ سانىغا بېسىلغان

13) «سالار تىلىدىكى پېئىللارنىڭ راي شەكىللىرى تەتقىقاتى»، «مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىللىق 6 ـ سانىغا بېسىلغان

14) «سالار تىلىدا ساقلىنىپ قالغان ‹تۈركىي تىللار دىۋانى › دىكى قەدىمكى سۆزلەر»، «مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2009 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا بېسىلغان.

15) «سالار تىلىدىكى پېئىللارنىڭ بۇيرۇق تەلەپپۇزىنىڭ مەنبەسى ھەققىدە ئىزدىنىش»، «مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2010 ـ يىللىق 2 ـ سانىغا بېسىلغان.

## 4. قاتناشقان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلار

1) 2001 ـ يىلى 5 ـ ئايدا تەكلىپكە بىنائەن ئاشخاباتقا بېرىپ، تۈركمەنىستان مائارىپ مىنىستىرلىكى ۋە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋرو ـ ئاسىيا تارىخ ـ مەدەنىيەت مىراسلىرى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىپى www.uyghurkitap.com

غا قاتنىشىپ، «يىپەك يولى ۋە سالالارنىڭ شەرققە كۆچۈشى» ناملىق ئىلمىي دوكلاتىنى بەرگەن.

2) 2001 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «نەۋائىي تەۋەللۇتىنىڭ 560 يىللىقىنى خاتىرلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا «نەۋائىي بىلەن مەختۇمقۇلىنىڭ ئىجادىيەتلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇغان.

3) 2003 ـ يىللىق 10 ـ ئايدا جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيەت تەتقىقات جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا «بايرام ئېلىدىكى ئۇيغۇرلار» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇغان ھەمدە ماقالىسى «مۇنەۋۋەر ماقالە» شەرىپىگە ئېرىشكەن.

4) 2006 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاشخاباتتا ئۆتكۈزۈلگەن «روھنامە ۋە قاراجى ئوغلان خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا «قاراجى ئوغلان ۋە سالار چۆچەكلىرى» دېگەن تېمىدا ئىلمىي دوكلات بەرگەن.

## 5. ھازىر ئىشلەۋاتقان نوقتىلىق تەتقىقات تۈرلىرى

1) «سالار تىلى ۋە تۈركمەن تىلى سېلىشتۇرما تەتقىقاتى»، بۇ تېما مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ «چەتئەلدە ئوقۇپ ۋەتەنگە قايتقانلارنى تەتقىقاتقا قوزغىتىش ياردەمى فوندى» نىڭ 20مىڭ يۈەن مەبلىغىگە ئېرىشكەن.

2) مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى «211 قۇرۇلۇشى»، «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ مەدەنىيىتى ۋە ئاغزاكى غەيرى ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ماتېرىياللارنى رەتلەش» تۈرىدىكى «سالار تىلىنىڭ تېكىستلىرىنى تەكشۈرۈپ رەتلەش ۋە ئىشلەش» ناملىق تەتقىقات تېمىسى 50مىڭ يۈەن مەبلەغ ياردىمىگە ئېرىشكەن.

3) «تۈركمەن تىلى دەرسلىكى» مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى 2006، 2007 ـ يىللىق «ئالاھىدە دەرسلىك» تۈرغۈزۈش تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن.






ھەممىمىز بىلىمىز، مەكتىپىمىز دۆلىتىمىزدىكى 56مىللەتنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوغۇل ـ قىزلىرى جەم بولغان مەرىپەت ئوچىقى. ھەرقايسى مىللەتلەر بەيگىگە چۈشكەن مۇشۇنداق سورۇندا، بىز تىل ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاسانلا ھالىمىزدىن كېتىمىز. بىز ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر. ئەمما، سەۋرچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان، كاللا قاتۇرىدىغان نۇرغۇن ئىشلاردا ئاجىز ئىكەنلىكىمىزنى ئېتراپ قىلالماي تۇرالمايمىز. بىزنىڭمۇ ئاشۇ ئاجىز تەرەپلىرىمىزنى تۈزەتكىمىز ھەتتا باشقىلاردىن ئېشىپ كەتكۈمىز كېلىدۇ. ئارىمىزدىكى بىر ساۋاقدىشىمىز شۇنداق قىلالىدى. بەش يىلدىن بىرى مەكتىپىمىز شاھمات شاھلىقىنىڭ خان تاجىنى كىيىپ، يۈزىمىزنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا يورۇق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ كىم؟ ئۇ ئارىمىزدا كەمتەرلىك بىلەن تىرىشىپ ئوقۇپ، كەلگۈسىگە ئىشەنچ بىلەن قەددەم بېسىۋاتقان 2005 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى رەجەپ ئۆمەرنىيازدۇر. بىز فاكۇلتېت گېزىت ـ ژۇرنال بۆلۈمىنىڭ مۇخبىرلىرى ئۇنىڭ بۇ نەتىجىلىرى فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلىرىغا ئازراق بولسىمۇ ئېتىخارلىق تۇيغۇسى بەخش ئېتەر ۋە ئىشلىرىغا تۈرتكە ھەم ئىلھام بولار دېگەن مەقسەتتە ئۇنى زىيارەت قىلدۇق.

ئېدىقۇت ئوغلانى رەجەپ ئۆمەرنىياز 2005 ـ يىلى فاكۇلتېتىمىزغا ئەلا نەتىجە بىلەن قوبۇل قىلىنغان. ئۇ بۇ ئىلىم ـ مەرىپەت بېغىغا قەددەم قويغاندىن بۇيان، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى، ئۆتكۈر زېھنى قابىلىيىتى بىلەن كەڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ساۋاقداشلار ئارىسىدا ياخشى تەسىرلەرنى قالدۇرغان. ئۇ دەرسلەردە ياخشى بولۇپلا قالماستىن، دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەردىمۇ ناھايىتى ئاكتىپ ئىكەن. بىز ئۇنىڭ شاھمات ئويناشقا ئالاھىدە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىزىقىدىغانلىقىنى، ئۇدا بەش يىل مەكتەپنىڭ شاھمات چېمپىيونى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا شۇنداق قايىل بولدۇق ھەمدە ئۇنىڭ شاھماتچىلىق ھاياتى بىلەن تونۇشۇش مەقسىتىدە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتتە بولدۇق. ئۇ زىيارىتىمىزنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلدى. بىز رەجەپ ئاكىنى ئىلگىرى فاكۇلتېتىمىزنىڭ ھەرخىل پائالىيەتلىرىدە ئۇچراتقان، بۇ قېتىم ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ناھايىتى خۇشپېئىل، ئىزدىنىش روھىغا باي، ھەرقانداق ئىشقا ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.

ئۇ ھازىر مەكتىپىمىزنىڭ «شاھمات روھى جەمئىيىتى»دە خەلقئارا شاھمات تورى بويىچە يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىش ۋە ئۆگىتىشكە، شەھەرلىك ۋە باشقا مۇسابىقىلەرگە ئەزا تەشكىللەشكە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋېتىپتۇ.

ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا مەھەللىدىكىلەرنىڭ توپلىشىپ شاھمات ئوينىغىنىنى كۆرۈپ ئۆگەنگەنىكەن، دەسلەپتە ئوينىغان چاغلىرىدا ئىككى ئۈچ قەدەم يۈرۈپلا يېڭىلىپ قالىدىكەن. كېيىن شاھماتقا بولغان قىزىقىشىنىڭ تۈرتكىسىدە، بوش ۋاقتى بولسىلا مەھەللىنىڭ قايسى يېرىدە شاھمات ئوينىلىۋاتقان بولسا، شۇ يەرگە بېرىپ بىر ياندا تۇرۇپ باشقىلارنىڭ ئوينىغىنىنى كۆزىتىدىغان بوپتۇ. بارا ـ بارا ئۇ نەچچە قەدەم يۈرگىچە يېڭىلمەيدىغان سەۋىيەگە يېتىپتۇ. تولۇق 1 ـ يىللىقتا چىققاندا ئۆيدىكىلەر بەرگەن پۇللىرىنى يىغىپ بىر شاھمات سېتىۋاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئەڭ قىممەتلىك» بۇ نەرسىسىنى مەكتەپكە ئېلىپ بېرىپ، چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا شاھمات بىلىدىغانلار بىلەن ئوينايدىكەن. ئۇ ئۆگىنىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان ئاساستا، شاھمات ئويناشنى قەتئىي بوشاشماي داۋاملىق مەشىق قىپتۇ. تولۇق 2 ـ يىللىقتا چىققاندا ناھىيىلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ياتاقلىشىپ ئوقۇپ، شاھمات ئويناش پۇرسىتى تېخىمۇ كۆپىيىپتۇ.

بىز ئۇنىڭدىن ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن بۇ قىزىقىشنى قانداق داۋاملاشتۇرغانلىقىنى سورىغىنىمىزدا، ئۇ بۇ توغرىسىدىكى ئىش ـ ئىزلىرىنى ھاياجان ئىلىكىدە سۆزلەپ بەردى.

«مەن 2005 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۆمرۈمدە بىر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىغان پويىز بىلەن بېيجىڭغا كەلدىم. 10 ـ ئايدا مەكتىپىمىزدە ‹شاھمات روھى لوڭقىسىنى تالىشىش› مۇسابىقىسىگە قاتنىشىدىغانلارنى تىزىملاشنى باشلاپتۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئالىي مەكتەپكە يېڭى كەلگەنلىكىم تۈپەيلى 3يۈەن تىزىملاش ھەققىنى تاپشۇرغۇم كەلمىدى، چۈنكى ئۆزۈمنىڭ نەتىجە ئالالايدىغىنىمغا مۇتلەق ئىشەنمەيتتىم. ئەمما، مەكتىپىمىزنىڭ شاھمات ئۇستىلىرىنى كۆرۈپ بېقىش ۋە ئۆگىنىش مەقسىتىدە 3يۈەنگە چىداپ تىزىمغا ئالدۇردۇم. مۇسابىقە ئىككىنچى ھەپتىنىڭ يەكشەنبە كۈنىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بىلىپ ـ بىلمەي يەتتە ـ سەككىز ساۋاقداشنى يېڭىۋالدىم. چۈشتىن كېيىن ھەل قىلغۇچ

مۇسابىقىگە قاتناشتىم، ئويلىمىغان يەردىن بىرىنچى بولۇپ قالدىم. گەرچە بۇ بىر ئاددىيغىنە نەتىجە بولسىمۇ، مەن شۇنداق شادلاندىم، ماڭا زور ئىلھام بولدى. چۈنكى بۇ مېنىڭ ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن بۇيانقى ئېرىشكەن تۇنجى غەلىبەم ئىدى. شۇ چاغلاردا سىنىپتا «شاھمات شاھى» دەپ لەقىمىم پەيدا بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ياتاقداشلىرىم بىلەن پات ـ پات شاھمات ئوينايدىغان بولدۇق. بىزنىڭ 2005 ـ يىللىقتىكى 11ئوغۇل ساۋاقداشنىڭ ھەممىسى شاھمات ئويناشنى بىلىدىكەن. بۇ مېنى بەكمۇ خۇش قىلدى. بىز شۇنچىلىك قىزىقىپ ئوينايتتۇقكى، بىر كارىۋات چۆرىسىگە ھەممىمىز كېلىۋېلىپ بېرىلىپ ئويناپ كېتەتتۇق. كېچىسى توك كەتسە كارىدور چىرىغىنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ئوينايتتۇق. 2 ـ يىلى مۇسابىقىگە قاتنىشىپ، يەنە بىرىنچى بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن، مەكتەپ شاھمات جەمئىيىتى ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭ پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق مەكتەپلەرگە بېرىپ مەكتەپكە ۋاكالىتەن مۇسابىقىگە قاتناشتۇق. ئەمما، كوللېكتىپ بويىچە 3 ـ بولۇش شەرىپىگىمۇ ئېرىشەلمىدۇق. چۈنكى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە مەخسۇس شاھمات دەرسى ئۆتۈلىدىكەن، خەلقئارالىق ترېنېرلار دەرس سۆزلەيدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن مەن دۆلەتلىك كۈتۈپخانا ۋە باشقا كىتابخانىلارغا بېرىپ، خەلقئارا شاھماتقا دائىر ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىپ، بوش ۋاقتىم بولسىلا كۆردۈم. ياتاقداشلىرىم بىلەن ئوينىدىم، ئۇلارنىڭ ۋاقتى بولمىسا كومپيۇتېردا ۋە ياكى توردا ئوينىدىم. شۇنداق قىلىپ مەن بەش يىل مەكتەپنىڭ چېمپىيونى بولدۇم. ئەمما ئۆكۈنىدىغان يېرىم شۇكى، بېيجىڭ شەھەرلىك شاھمات مۇسابىقىلىرىدە 3 ـ بولۇش شەرىپىگىمۇ ئېرىشەلمىدىم. بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىدا 3 ـ قېتىملىق شەھەرلىك خەلقئارا شاھمات مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ مۇسابىقىگە بىزنىڭ فاكۇلتېتتىن 2008 ـ يىللىقتىكى توختىقارى بىلەن ئىككىمىز قاتناشتۇق. رەقىبلىرىمىز بەك كۈچلۈك بولغانلىقى تۈپەيلى يەنە نەتىجە ئالالمىدۇق. ئەمما مېنىڭ خۇش بولىدىغان يېرىم ، مەن چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەڭ ئۇستا شاھماتچىسىنى يەڭدىم. بەلكىم بۇ بىر تاسادىپىيلىق بولۇشى مۇمكىن، ئەمما مەن يەنىلا خۇشال.»

رەجەپ شاھمات ئويناشقا ئۇستا بولۇپلا قالماستىن، شاھمات توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىمۇ ناھايىتى مول، قايىل قىلارلىق ئىكەن. ئۇنىڭ بىزگە ئېيتىپ بېرىشىچە، ھازىر خەلقئارا شاھمات ھەۋەسكارلىرىنىڭ سانى دۇنيادا باشقا ھەرقانداق بىر شاھمات تۈرىدىن يۇقىرى تۇرىدىكەن. خۇددى دۇنيا پۇتبول لوڭقىسىنى تالىشىش مۇسابىقىسىگە ئوخشاش دۇنيادا ھەر يىلى خەلقئارا شاھمات لوڭقىسىنى تالىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىكەن. خەلقئارا

www.uyghurkitap.com

شاھمات تۈردە روسىيە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىكەن. دۆلىتىمىز ماھىرلىرىمۇ خەلقئارا شاھمات مۇسابىقىسىدە ھەر يىلى ياخشى نەتىجە ئېلىۋېتىپتۇ. مەكتىپىمىزدە «شاھمات روھى جەمئىيىتى» 2003 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ شاھمات جەمئىيىتىدە ھازىر 60قا يېقىن ئەزا، ئاساسلىق شاھمات تۈرىدىن قورشاۋ شاھمات، جۇڭگوچە شاھمات، خەلقئارا شاھمات، بەش ئۇرۇقلۇق شاھمات قاتارلىق شاھمات تۈرلىرى بار ئىكەن.

قىزىقىش ھەممە ئادەمدە بولىدۇ، لېكىن ئۇنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش ياكى بىخ ھالىتىدە نابۇت قىلىش پەقەت شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق. رەجەپ شاھمات ئويناشتىن ئىبارەت بۇ قىزىقىشىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنى ھاياتلىق سەپىرىدىكى ياخشى دوست قىلغان. شاھمات ئارقىلىق ئۆزىمۇ ئويلاپ باقمىغان نەرسىلەرگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ شاھمات توغرىسىدا ئېيتقان مۇنۇ قاراشلىرى ھەر بىرىمىزنى قىزىقىشىمىز توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم ئويلىنىشىمىزغا دەۋەت قىلىدۇ: «خەلقئارا شاھمات تەنھەرىكەتنىڭ مۇھىم بىر تۈرى. مەن شاھمات ئويناشنى تۇرمۇشقا ئوخشىتىمەن. تۇرمۇشىڭىزدا مەلۇم ئىشنى قىلىشتىن ئاۋۋال ياخشى ئويلانسىڭىز، ئاشۇ ئىشتا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيسىز. ئەگەر ياخشى ئويلانماي قىلسىڭىز، كېيىن تۈگىمەس پۇشايمانغا قېلىشىڭىز مۇمكىن. شاھمات دەل تۇرمۇشنىڭ كارتىنىسى. شاھمات توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆز بار، يەنى ‹شاھماتتا بىر ئۇرۇقنى خاتا يۈرسەك ئۇتتۇرىسەن!› بەلكىم شاھمات بىلىدىغانلار بۇ گەپنى ئاسان چۈشىنىشى مۇمكىن. تۇرمۇشتىمۇ چوڭ ۋە كىچىك ئىشلار بار، شاھماتتىمۇ ئادەتتىكى يۈرۈش ۋە مۇھىم يۈرۈشلەر بار. شاھماتتا ھەممە ئۇرۇقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمىسىڭىز يېڭىلىسىز، تۇرمۇشتىمۇ شۇنداق. شاھمات ئۆگەنسىڭىز ئىشلارنى پىلانلىق سىستېمىلىق قىلىشنى ئۆگىنىسىز، ئۇ سىزگە تۇرمۇش قەدەملىرىنى قانداق ئېلىشنى ئۆگىتىدۇ.»

سۆھبىتىمىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك داۋاملاشتى. ئۇ ئاخىرىدا شاھمات ئويناشنى بىر ئۆمۈر داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى، خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ ھەرخىل مۇسابىقىلەرگە قاتنىشىپ، نەتىجە ئېلىش ئۈچۈن تىرىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇ توغرا ئېيتىدۇ، ئۆزى قىزىققان ئىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرالىغاندىلا، چوڭ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. نىشان بولغاندىلا ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىگىلى بولىدۇ. ئۇ ھازىر مەكتەپنىڭ چېمپىيونى. كەلگۈسىدە ئاپتونوم رايوننىڭ چېمپىيونى بولۇشى، ھەتتا دۆلەتنىڭ، دۇنيانىڭ چېمپىيونى بولۇشى مۇمكىن. بىزدىنمۇ دۇنياۋى چېمپىيونلار چىقسۇن. نامىمىز يىراقلارغا تارالسۇن! ئاخىرىدا رەجەپ ئۆمەرنىيازنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى باسقان ھەربىر قەدىمىنىڭ مول ـ ھوسۇللۇق بولۇشىغا، ئۆزىگە ئوخشاش زېھنى ئۆتكۈر شاھماتچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا يېتىشىگە تىلەكداشمىز.

ئاپتورلار: سادا ژۇرنىلى مۇخبىرلار بۆلۈمىدىن ئىسمائىل ھېلىم (2009)،
چىمەنگۈل ئابدۇشۈكۈر (2007) ئۆمەرجان ئىسمائىل ئارتۇچى (2006)



# ئوقۇش پۈتتۈرىدىغانلار نېمە دەيدۇ؟

هاياتلىق يولى بىر ئەگرى ـ توقاي يول. بۇ يولدا گاھ ئۇچرىشىپ بىرگە كۈلىمىز گاھ! ئەپسۇسلۇق ئىچىدە بەختىلەر تىلەپ خوشلىشىمىز. بۈنىڭدىن بەش يىل مۇقەددەم هاياتىنىڭ شۇ خۇشاللىق مىنۇتلىرى مەكتىپىمىز 2005 ـ يىللىقتىكى ئوت يۈرەك، بىلىم خۇمار ئاكا ـ هەدىلىرىمىزنى چەكسىز ئىپتىخارلىق ئىچىدە ئۆز قوينىغا ئالغان. مانا ئەمدى كۆزنى ـ يۇمۇپ ئاچقۇچە ئايرىلىش دەقىقىلىرىمۇ ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرماقتا. شۇنداق، هايات قىسمەتلىرى كىشىنى دەسلەپ قانداق تاسادىپىيلىق بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ بىر يەرگە جەم قىلغان بولسا، كېيىن يەنە شۇنداق تاسادىپىيلىق بىلەن قىلچە ئىككىلەنمەستىن بىر ـ بىردىن ئايرىيدىكەن.

شۇلار كاللامدىن كېچىپ ئېغىر قەدەملىرنى يۆتكەپ كېتىۋاتقىنىمدا قاياقتىندۇر ئاڭلانغان تونۇش ئاۋازلار مېنى ئۆزىگە تارتتى.

ـ بىز راستىنلا بۇگۈن خوشلىشارمىزمۇ؟ ئەمدى كۆرۈشەرمىزمۇ؟ تەقدىر قىسمەت راستىنلا 39يۈرەكنى بىر ـ بىردىن ئايرىۋېتەرمۇ؟

ـ كىم دەيدۇ شۇنداق دەپ...قەلبىمىز تۇتاش، ئەسلىمىمىز بىزگە هەمراھ بولسىلا بۇ رىشتە هەرگىز ئۈزۈلمەيدۇ.

ـ شۇنداق، هەرگىز ئۈزۈلمەيدۇ.

ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە دىققەت قىلىپ قالدىم. بەلكىم ئۇلار شۇ ئۇنتۇلماس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەسلىمىلىرىگە يەنە يېڭى ـ يېڭى ئەسلىمىلەرنى مۇجەسسەملەۋاتسا كېرەك. سۆھبەت ناھايىتى قىزغىنلىق ۋە ھاياجان ئىچىدە داۋام ئېتىۋاتاتتى. ئىختىيارسىز قەدىمىمنى توختىتىپ، سۆھبەتكە بىر چەتتە ئىشتىراك قىلماق بولدۇم.

ـ ئەمسە كۆڭۈلدىكى سۆز پروگراممىمىزنى باشلىۋەتسەك قانداق؟

ـ ئەلۋەتتە بولىدۇ. كىم باشلايدۇ؟ ئوغۇللاردىن كەلسۇن.

ـ كەلسە كەلسۇن، ئەمسە مەن باشلاي، باشلىدىم ـ ھە!

ـ ھە...ماقۇل...ئەمسە سەندىن كەلسۇن.

ـ مەكتەپكە كەلگەن تۇنجى كۈنى ئىنتايىن خۇشال بولدۇم، چۈنكى بۇ مەكتەپ مېنىڭ ئارزۇيۇمدىكى مەكتەپ، ئارزۇيۇمدىكى كەسىپ ئىدى. گەرچە ئەتراپ ماڭا ناھايىتى ناتونۇش بولسىمۇ، يات بولسىمۇ يەنىلا ئىنتايىن ھاياجانلىق ھېسياتتا بولدۇم.

ئارقىدىن ئۆلاپلا بىرى:

ـ تۇنجى قېتىم مەكتەپكە قەدەم باسقاندا ئۆز ـ ئۆزەمدىن ناھايىتى پەخىرلەندىم. چۈنكى مەن يىراق يېزىدىن، شىنجاڭدىكى چەت بىر يېزىدىن مەركەزگە كەلگەن بىردىنبىر ئوقۇغۇچى ئىدىم. مەكتەپ شارائىتلىرىنى كۆردۇم. بۇ خىل قولايلىق ئۆگىنىش شارائىتىدا تېخىمۇ ياخشى ئوقۇپ، ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن تېخىمۇ مۇستەھكەم ئۇل سېلىشقا بەل باغلىدىم.

ـ مېنىڭ بۇ مەكتەپكە كەلگەنلىكىم كىچىك چاغلىرىمدىن تارتىپلا باشلانغان يازغۇچى بولۇش ئارزۇيۇمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆتكەلنىڭ بىسىپ ئۆتۈلگەنلىكىدۇر. شۇڭا ئۈچۈن دەسلەپكى ئاشۇ مەزگىللەردە يېزىقچىلىققا كىرىشىشىم كېرەك دېگەن ئوقۇم قاپلىۋالغانىدى.

ـ دەسلەپتە بۇ كەسىپنى ئۆيدىكىلەرنىڭ تەلىپى بىلەن تالالاپ كەلگەن. كېيىن بارا ـ بارا بۇ كەسىپنى ياقتۇرۇپ قالدىم .بولۇپمۇ فاكۇلتېتىمىزنىڭ تىلشۇناسلىق جەھەتتە داڭقى بار، بۇ مېنىڭ كەسىپنى سۆيۈشىمگە تۈرتكە بولدى. كەسىپكە بولغان چۈشەنچىم چوڭقۇرلاشتى. مەسىلەن، تىلشۇناسلىق، قەدىمكى ئۇيغۇرتىلى، چاغاتاي ئۇيغۇرتىلى، قاتارلىقلارنى بۇرۇن بىلمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندىم، ـ دېدى سۆھبەتكە ئىشتىراك قىلىۋاتقانلاردىن يەنە بىرى.

ـ مەنمۇ مەكتەپتىن، كەسىپىمدىن رازى. لېكىن دەسلەپتە مەندە كەسىپتىن زېرىككەنلىك بىنورمال پسخىكا شەكىللەنگەن ئىدى. ھازىر ئويلىسام ئارتۇقچە ئىكەن. مەنچە كەسىپىمىز بىزگە ئۆزىمىزنى تونۇتىدىكەن، يېزىقىمىزنى تېخىمۇ قەدىرلىتىدىكەن. ئىككىنچى يىلى ئۇيغۇر ئۇن ئىككى مۇقامىنى يادىلىدۇق، ئۈچىنچى يىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىر-قوشاقلارنى ئۆگەندۇق. مەنچە بۇ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك دەپ قارايمەن، ـ دەپ قوشۇپ قويدى پاتىگۈل.

ـ بۇ 5يىل جەريانىدا ھەممىمىز نۇرغۇن ئەسلىمىلەرنى بېشىمىزدىن كەچۈردۇق، ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغىنى ئۆگىنىش، تۇرمۇش، دوستلۇق بولدى. چۈنكى مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن قانداق ئۆگىنىشنى، ئۆگىنىشكە قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشنى ئۆگىنىۋالدىم. ئەڭ ئەقەللىيسى تۇرمۇش

ئۆگەندىم. دوستلۇقنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇپ يەتتىم.

ـ بۇ جەرياندا ماشا تەسىر قىلغان ئىشلار بىر قەدەر كۆپ، ئەڭ تەسىر قىلغىنى ياتاق تۇرمۇشۇم. بىز سەككىزىمىز يېڭى كەلگەندە بەك كىچىك ئىدۇق. كىچىك ئىشلار ئۈچۈن گەپ تالىشىپ، قىزىرىشىپمۇ قالاتتۇق. لېكىن ئەتىسىلا يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىر ـ بىرىمىزگە گەپ قىلىشىپ ئۆتەتتۇق. بارغانسېرى بىر ـ بىرىمىزنى تېخىمۇ چۈشەندۇق، ياخشى خاراكتېرىمىز بىر ـ بىرىمىزگە يۇقتى. تېخىمۇ ئىناق، ئىجىل، ئايرىلماس بولۇپ كەتتۇق، يەنە بىر ـ بىرىدىن مىجەزى ئېسىل ساۋاقداشلىرىم. بۇ كۈنلەرنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن.

ـ راستىنى دېسەم بەش يىلدىن بۇيانقى ماشا ئەڭ تەسىر قىلغان ۋە قىلماسلىقىم كېرەك ئىكەنتۇق دەپ قارىغان ئىشىم ئەسەرلىرىمنى ۋاقتىدا مەتبۇئاتلارغا بېرىپ تۇرمىغانلىقىم ۋە بۇ ھەپتە يازغان ئەسەرلىرىمنى كېلەر ھەپتىسى يىرتىپ تاشلىۋەتكىنىمدۇر. ئەلۋەتتە مەكتەپكە كەلگەندىن بېرى ئىلگىرىكى بىلىملىرىم تېخىمۇ نەزەرىيۋىلىككە ئىگە بولدى، ھەر قانداق ئەسەر پۇختا نەزەرىيىۋى ئاساسقا ئىگە بولسا ئاندىن قايىل قىلارلىقى ئاشىدۇ ئەمەسمۇ. بەش يىللىق ئوقۇش ھاياتىم يېزىقچىلىق مەنزىلىمگە يەنىمۇ مۇستەھكەم ئۇل سالدى دەپ ئويلايمەن، ـ دېدى بىرەيلەن.

ـ ماشا كەلسەك، ـ دېدى تىڭشاۋاتقانلاردىن بىرى، ـ بەش يىللىق ئوقۇش ھاياتىمدا ماشا ئەڭ تەسىر قىلغان ئىش ئۆگىنىش، مۇھەببەت، تۇرمۇش، ئۆگىنىشنىڭ ماشا قانچىلىك ھوزۇر، راھەت بېرىدىغانلىقى، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلدىم. تۇرمۇشتا قانداق پوزىتسىيەدە بولۇشۇم كېرەكلىكىنى ھەقىقى تونۇپ يەتتىم.

ـ مېنى ئۆزىگە رام قىلغىنى مۇھەممەترېھىم مۇئەللىمنىڭ دەرسى بولغان. تۇنجى سائەتلىك دەرسىنى ئەسلىسەم ھازىرمۇ ھاياجانلىنىپ كېتىمەن.

ـ ماشا ئابدۇرەئوپ مۇئەللىمنىڭ دەرسى بەك ياققان.

ـ ماشىمۇ ئەركىن مۇئەللىمنىڭ تەلەپچانلىقى، ئۆزىگە خاس ئۇقۇتۇش ئۇسلۇبى بەك تەسىر قىلغان...

ـ شۇنداق. دەسلەپتە ھەممىز گۆدەك، ئىش ئۇقمايتۇق، ئۇستازلىرىمىز بىزگە تىنىمسىز ئەجىر سىڭدۇردى، قەلبىمىزنى بىلىم شەربىتى بىلەن تولدۇردى. مانا بۈگۈن چوپچوڭلا بولۇپ، ئۈچۈرۈم بولۇش ئالدىدا تۇرماقتىمىز. ئىشىنىمىزكى ئۇلار داۋاملىق تېخىمۇ ئىلغار بولغان ئوقۇتۇش ئۇسلۇبى ۋە ئۆز مېھنىتى بىلەن بىلىمگە تەشنا يۈرەكلەرنى سۇغۇرىدۇ.

ـ مەن كەسپىمدىن ئىنتايىن رازى. بۇرۇن راستىنلا باشقىلارنىڭ دېگىنىگە قاراپ كەسپىمىز مۇشۇنداق ئىستىقبالى يوق كەسپمىدۇ، راستىنلا ھېچقانداق پايدىسى يوقمىدۇ دەپ ئويلاپ قالاتتىم. ئەمما كەسپىنى ئىچكىرلەپ ئۆگەنگەندىن كېيىن كەسپىمىزنىڭ ۋەتەن، مىللەت، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا نەقەدەر مۇھىم، قوللىنىشچان كەسىپ ئىكەنلىكىنى، ئىنتايىن سۆيۈملۈك، شەرەپلىك كەسىپ ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ـ نېمە خىياللارغا چۆكۈپ كەتتىڭ، نېمىلەرگە باش قاتۇرۇپ كېتۋاتىسەن؟

ـ بەش يىل بىلىم ئالغان سەيياھقا قىيالمايۋاتىسام كېرەك. بېشىمنى قاتۇرغان مەسىلىگە كەلسەم داۋاملىق ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇش ياكى خىزمەت تېپىش؛ مانا ھازىر بۇ مېنى ئەڭ تېڭىرقاتقان مەسىلەبولۇپ قالدى.

ـ كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم مېنىمۇ ئەڭ ھاياجانغا سالغىنى ۋە تېڭىرقاتقىنى جەمئىيەتكە چىقىپ خىزمەتكە قاتنىشىش. قىسقىسى، جەمئىيەتكە يۈزلىنىش. قانداق بولاركىن!

ـ مەنمۇ شۇ خىزمەت مەسىلىسىنى ئويلاپ قالدىم.

ئارىنى بىردەم سۈكۈت باستى.

ـ ھەي باللار، ئۆزۈڭلارغا ئىشىنىڭلار. مانا مەن ھەممىڭلارغا ئىشىنىمەن، قاراڭلار ئارىمىدىن بەزىلەر ئاسپىرانتىققا ئۆتتى، چەتئەلگە چىقماقچى، قالغىنىمىزمۇ چوقۇم جەمئىيەتتىكى تىگىشلىك ئورنىمىزنى تېپىپ، رولىمىزنى جارى قىلدۇرالايمىز. ئەنسىرمەڭلار، ئىستىقبالىمىز پارلاق بىزنىڭ! ـ دېدى شوخراق بىرى.

ھەممەيلەن بىردەك كۈلۈشتى.

ھە راست گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، تۆۋەن يىللىقتىكى ئىنى ـ سىڭىللىمىز بىزگە كۆڭۈل سۆزى يېزىپتىكەن.

ـ بىللە ئاڭلايلى ئەمسە.

ـ ئەمسە ئوقۇۋېتىڭ ھە!

«2005 ـ يىللىقتىكى ئاكا ـ ھەدىلەر، سىلەرنىڭ ئوقۇشىڭلارنى غەلبىلىك تاماملىغىنىڭلارنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز. سىلەر بىزگە تۇرمۇش، ئۆگىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۈلگە بولۇپ كەلگەنتىڭلار. كۆزنى ـ يۇمۇپ ئاچقۇچە، سىلەر ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ۋاقىتمۇ كېلىپ قاپتۇ.

ياشلىق ـ كىشى قەلبىدە ياشلىق ئۆچمەس چوغىدەك يېلىنجاپ تۇرىدىغان ئالتۇن پەسىلدۇر. ئەلۋەتتە، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىك ھەرگىزمۇ ئاخىرقى بېكەتكە يېتىپ كەلگەنلىك ئەمەس. بىز سىلەرنىڭ مۇشۇ ئالتۇن پەسىلىڭلارنى تېخىمۇ قەدىرلەپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت، ئۆگىنىش ئىشلىرىڭلاردا ئىجاد دۇلدۇلىغا ئىرادە ۋە تىرىشچانلىق قامچىسىنى سېلىپ، ھۆرمەت، ئىززەت تاجىنىڭ ساھىبى بولۇشىڭلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن تىلەكداشمىز. بەخت سىلەرگە مەڭگۈ يار بولسۇن!»

ـ بىزمۇ ئۇلارغا ئۆزىمىزنىڭ كۆڭۈل سۆزلىرىنى يېزىپ بەرسەك قانداق؟

ـ ياخشى پىكىر بولدى. ئەمسە مەن باشلاپ بېرەي، كىم خاتىرلەيدۇ؟

ـ مەن خاتىرلەي ،قېنى

ـ مېنىڭ ئېيتىدىغىنىم، ئىنى ـ سىڭىللىرىمغا دەيدىغىنىم ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئوقۇڭلار، كۈندىلىك ئىشىڭلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆگىنىش بىلەن دەم ئېلىشنى مۇۋاپىق تەقسىمەڭلار. ئۆزەڭلارنىڭ

ئارزۇسى بويىچە، نىشانىڭلار، غايەڭلار بويىچە ھەر مىنۇت، سېكونتنى چىڭ تۇتۇپ ئارزۇ ـ ئارمىنىڭلار ئۇچۇن تىرىشىڭلار. ئاخىرقى غەلبە سىلەرنىڭ!

ـ ھاياجانلاندىم. ئۆزۈمگە تەۋە بولغان مۇستەقىل كۆز ـ قاراشقا ئىگە بولغىنىم، تېڭىرقىغىنىم-جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش ئالدىدىكى ئىستىقبال قاراڭغۇلۇقى ۋە ھەرىكەت يۆنىلىشىنىڭ ئېنىقسىزلىقى! ھەر قانداق ئىشتا چوقۇم ئېنىق نىشانىڭلار بولسۇن، نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇررشتا ياخشى پىلانىڭلار بولسۇن، پىلانغا بولسا ئەمەل قىلغىدەك ئىرادەڭلار بولسۇن. ئارقىدىن يەنە بىرى ئۇلاپمۇنداق دېدى:

ـ مېنىڭ دەيدىغىنىم تۇرمۇش جەھەتتە ئۆزىنىڭ تۇرمۇش مەسىللىرىنى ياخشى ھەل قىلىپ، مۇھەببەت ۋە ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل تۇرمۇشنى ماسلاشتۇرۇپ، سېستىمىلىق تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشنى، ئېنگىلىز تىلىنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ـ تۇرمۇشقا نىسبەتەن ئۈمىدۋار بولۇشنى، قىيىنچىلىققا، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ئۆزىنى تاشلىۋەتمەسلىكنى ئۈمىد قىلىمەن.

ـ بەك چۈشكۈن ئۈمىدسىز بولۇپ كەتمەڭلار، پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىڭلار.

ـ ۋاقىتنى قەدىرلەپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، بىلىم ئىگىلەش يولىدا توختىماي تىرىشىشنى، ياخشى ئادەم بولۇشى ۋە كەملىكنى ئۇنتۇماسلىقى ئۇچۇن تىرىشىپ كۆرەش قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەمما ئۆگىنىش بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈشىڭلارنى، ئۆز نىشانىڭلار ئۈچۈن كۈرۈش قىلىشىڭلارنى ئۇنتۇپ قالمىغايسىلەر.

ـ مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئىزدىنىپ تۇرىمىز جۇمۇ؟

ـ ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە!

ـ ئەكېلىڭلار قول بېرىشەيلى!

يېقىملىق ۋە مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى بەخت ـ تىلەكلەرگە قوشۇلۇپ كۆككە تارىدى.

**بىر تىزىق مارجان، بىر دەستە گۈلدەك،**
**ئۆتكەن ئىدۇق ساۋاقداش بولۇپ،**
**ئەمدى بىز بۈگۈن ئايرىلار بولدۇق،**
**جۇدالىق يېشى كۆزلەرگە تولۇپ.**

مېنىڭمۇ بۇ سۆھبەتكە قاتناشقىم كەلدى، لېكىن ئۇلارنىڭ شۇ تاپتىكى قىزغىنلىقىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن ئىچىمدە شۇلارنى تەكرارلىدىم: ھەممىڭلارنىڭ كېلەچىكى پارلاق بولغۇسى، بەخت گۈللىرى قەدىمىڭلاردا پورەكلەپ ئېچىلغۇسى. قەلب رىشتىڭلار ئۆزۈلمەي ئەبەدكە باغلانغۇسى! ئىشىنىڭلاركى، ئىنى ـ سىڭىللىرىڭلار كۈتكەن ئۈمىدىڭلارنى چوقۇم ئاقلايدۇ، سىلەر باشلاپ بەرگەن مەنزىلدە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى www.uyghurkitap.com



توختىماي ئىلگىرلەيدۇ ھەم سىلەرنىڭمۇ ئىستىقبال بەيگىلىرىدە ئۈزلۈكسىز چېپىپ، سىلەرنى كۈتۈپ تۇرغان مۇقەددەس ۋەزىپىلەرنى ئەڭ ياخشى نەتىجىلەر بىلەن تاماملىشىڭلارنى چىن دىلدىن ئۈمىد قىلدۇ. شۇنداق تىلەيمىزكى، چېھرىڭلاردىن تەبەسسۇم ئۆچمىسۇن! غەلبە مېۋىلىرىڭلار ئۈزۈلمىسۇن!

سەن باشلا مەنزىلنى مەن داۋام ئېتەي،
ۋە مەيلى نەلەرگە يىراققا كىتەي.
بىلمەن بۇ مەنزىل جاپا ـ مۇشەققەت،
ۋەلېكىن ئىرادەم بىلەن مەن يېتەي.

بەزىدە تېڭىرقاپ، مۇڭلىنىپ قالدىم،
ساڭا كۆپتىن ـ كۆپ جاپالار سالدىم.
ئۆگەتتىڭ ھاياتلىق پەلسەپىسىنى،
بۇنىڭدىن ئۆزۈمگە تەسەللىي ئالدىم.

مەن دەسلەپ تەمتىرەپ،تېنەپ يۈرگەندە،
سەن ئىدىڭ قۇلۇمدىن يېتىلەپ ماڭغان.
ناتونۇش شەھەردە ياتسىراپ يۈرسەم،
«ئۇكام» دەپ مېھرىلىك كۆز بىلەن باققان.

كەلگەندە گۆدەكتىم ئەمدى چوڭ بولدۇم،
تەربىيەڭ بىلەن مەن ئىشەنچكە تولدۇم.
بۇ شېئىرىم سىلەرگە كۆڭۈل سوۋغىسى،
سوۋغامدىن سىلەرگە گۈل ـ چېچەك سۇندۇم.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئەگەشتىم ساڭا،
سەنمۇ ھەم ئامراقتىڭ راستىنلا ماڭا.
بىر قورساق قېرىنداش بىزچىلىك بولار،
ھەۋەس قىپ ئۆزگىلەر قاراتتى ئاڭا.

خەير ـ خوش ھەمساۋاق ھەدە ـ ئاكىلار،
سىلەردەك قېرىنداش نەدىن تېپىلار.
تىلەيدۇ، چىن ـ سۆيگۈ، تىلەيدۇ ئۇتۇق،
سىلەرنى ياد ـ ئېتىپ تۇرار ئوكىلار.

گۆدەكلىك دەستىدىن ئىزىپمۇ قالدىم،
ياندىم ھەم كەينىمگە سەن مەدەت بولغاچ،
تۈزەتتىڭ خاتانى ، توغرىغا باشلاپ،
بىلىم ۋە پەزىلەت تەختىنى قۇرغاچ.

قەلبىڭلار، رىشتىڭلار بىر تۇتاش بولغاي،
تىلەيمىز يولۇڭلار گۈللەرگە تولغاي،
يىقىلساڭ بوينۇڭدا بىز ساڭا تۇمار،
بەختىڭدىن، تەختىڭدىن قەسرىلەر قۇرغاي.

ئاپتور: ژۇرنىلىمىز مۇخبىرى






قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا يېگانە بىر يۇرەك بىلەن ئېغىر بەدەن ھالسىراپ كېتىپ بارماقتا. كۆزىنىڭ نۇرى تاقاشىسىمۇ ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان بارخانلار يۇرەكنى توختىماي ھالسىزلاندۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭ ئايىغىدىن تارتىپ ئاپىرىپ بارخان ئاياقلىرىغا تاشلاپمۇ قوياتتى.

يۇرەك تولىمۇ سىقىلدى. ئۇ ئۆزىنى شۇنچىلىك غېرىپ ھېس قىلدىكى، ئېغىر بەدەن چەكسىز قۇم بارخانلىرىدىن باشقا مەۋجۇدات يوقتەك ھېس قىلىپ قالدى. ۋەھىمە يۇرەكنى قاقشىتىپ ئوينايتتى. مۇمكىن ئەمەس! مەندىن ئىلگىرى بۇيەرلەرگە باشقا ھاياتلىق كېلىپ باقمىغان. توغرا، ھەرگىز كېلىپ باقمىغان، بولمىسا ئۇلارنىڭ ئىزلىرى بولغان بولاتتى. مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس، بۇيەردە مەندىن باشقا ھاياتلىق يوق !؟. يىراقتىكى ئاۋۇ كۆرۈنگەن نېمە ئۇ؟ ئۇ ماڭا قاراپ كېلىۋاتامدۇ نېمە؟ ... ياق. مەن ئۇنىڭغا قاراپ مېڭىۋېتىپتىمەن !؟ دەپ يۇرەك پىچىرلاپ قويدى. ئەمدى يۇرەك يالغۇزلۇق ھېس قىلمىغاندەك بولدى.

ـ هوي بۇ بىر ياش ئىكەنغۇ؟ ئۇ ئالدىدىكى چىرايلىق يۇرەككە قاراپ تولۇلىۋەتتى .

ـ هوي بالا !

ـ تىنچلىقمۇ ؟!

ـ ھە ...! كەچۈرگىن. تىنچلىق!؟ سەن بۇ يېگانە قۇتۇپتا نېمە ئىش قىلىسەن؟

ـ ھا! ھا! ...ھا! (ياش يۇرەكنىڭ كۈلكىسى ئۇنى ئەندىكتۈرىۋەتتى) كىم مېنى «يېگانە قۇتۇپتا ياشاۋاتىدۇ» دەيدۇ؟ مەن يېگانە قۇتۇپتا ئەمەسقۇ! چۈنكى بۇ يەردە ماڭا ھەمرا بولىدىغان كۆپ ئىزلار بار. ئۆزۈمنى دېسەم، مەن بۇيەردە مۆجىزە ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن. سېنىڭ مۆجىزەڭ نىمە؟

ـ كۆمۈلگەن ئىزلاردىن يول ياساپ چىقىش، ياش تېنىمنى جەننەت باغرىغا پۈركەندۈرۈش! بۇيەردە مېنىڭ تېنىم بار. شۇنى ئالۋۇتۇش، يالقۇنجىتىش ! بارخانلارنى ئېرىتىش.

ـ نېمە ؟ بۇ يەردە قەيەردىمۇ ئىز بولسۇن؟ مۆجىزە بولسۇن! سەن ئالجىپسەن. بۇ يەردە قانداقمۇ جەننەت بولسۇن؟ بۇ يەر بەئەينى دوزاخنىڭ ئۆزىلىغۇ ! ياق، مېنىڭ بۇ دوزاختا ئۆلگۈم يوق، ئۆلگۈم يوق ! ئاھ خۇدا مېنى قۇتقۇز!

پەقەت سادا كەلمىدى. ئەمما، ھېلىقى ياش يۇرەك بىردىنلا قاقاھلاپ كۈلۈپ، بارخانلارنى ۋە بۇ ھارغىن يۇرەكنى تىترىتىۋەتتى. ئاھ !...

ـ ھەي ، سۇلغۇن يۇرەك، تەنلىرىڭنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىۋاتامسەن؟

ـ شۇنداق، شۇنداق. مەن ھالسىراپ كەتتىم. ئېيىتقىنا، بۇيەردە ئىچكۇدەك سۇ بارمۇ ؟ ـ ياش يۇرەك يەنە بىر

قېتىم قاتتىق كۈلۈۋەتتى.

ـ كەينىڭگە قارا! يانلىرىڭغا قارا!

ھالسىرىغان يۈرەك يېنىغا ۋە كەينىگە قارىدىيۇ، بىردىنلا ئۈيناقشىپ كەتتى:

ـ ۋاي! سۇ مۇشۇ يەردە بار ئىكەنغۇ ؟ مەن نېمىشقا بالدۇرراق كۆرەلمىدىم؟

ـ چۈنكى سەن يەرنىڭ يۈرىكىنى كۆرەلمەيسەن! ئاناڭنىڭ يۈرىكىنى كۆرەلمەيسەن؟!

ـ نېمە، ئانام؟ مېنىڭ ئانام يېشىللىق بوستانىدا قالدى، بۇيەردە نېمە ئىش قىلسۇن؟ يەر قانداقمۇ مېنىڭ ئانام بولسۇن؟!

ـ ئېيتقىنا، سېنىڭ قېنىڭ نەگە تۆكۈلگەن؟ سەن يەنە قەيەردە ئارام تاپىسەن؟ نېمە بىلەن ئۆرە تۇرىسەن؟

ـ يەر بىلەن، ـ ھالسىز يۈرەك ئۆھسىنىپ پىچىرلىدى.

ـ شۇنداق، سەن ئاناڭنى ئۇنتۇغاچقا ھالسىز بولۇپ قالدىڭ. يەرنىڭ باغرى، قۇم بارخانلار ساڭا دوزاختەك تۇيۇلدى. ئەمەلىيەتتە مانا سەن مۆجىزىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپسەن. شۇنداقتىمۇ ئۇنى تونۇمايسەن!؟ تونۇشنىمۇ خالىمايسەن. ئەمدى ئېيتقىنا، سەن بىچارىمىكەنسەن؟

ـ ئۇھ! ... شۇنداق بىچارىكەنمەن.

ـ نېمىنى ئاڭلىدىڭ؟

ـ بارخانلاردىن ياڭرىغان ساماۋى ئاۋازلارنى ئاڭلىدىم. توختا! يەنە بىر نەرسىنى كۆرگەندەك بولدۇم!

ـ نېمىنى؟

ـ ھەيۋەتلىك ئىزلارنى. ۋوي! ئاۋۇ ... ئاۋۇ ... ئاۋۇ...!

ـ ئۇ بىزنىڭ ئاتىمىز.

ـ شۇنداقكەن. مەن يېگانە ئەمەسكەنمەن. سەنمۇ ھەرگىز يېگانە ئەمەسكەنسەن. ئاھ، مۇھەببەت! مەن ساڭا ئىنتىلىپ كەلگەنىدىم، سېنى بۇيەردە كۆرۈپ قالارمەن دەپ ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

ـ يۈر!

ـ ماڭامدۇق؟

ـ شۇنداق.

ـ مەن مۆجىزىنى كۆردۈم.

ـ توغرا...

ـ ھوي، مېنىڭ تېنىم قېنى؟! ... ...

ياش يۈرەك كۈلۈمسىرەپ باقتى. ئۇ جۇشقۇن يۈرەك بىلەن مېڭىپ كەتتى. قۇم بارخانلىرى سىيرىلىپ باراتتى.

ـ ئىسمىڭ نېمە؟

ـ كروران .

يۈرەك ئۆزىنى كۆكتە ئۇچۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى، ئۇ قاچانلاردىدۇر تېنىنى تاشلىۋەتكەنىدى.

ئۇ مېنىڭ تېنىم ئەمەس، ئەمەس!!!




ـ بېيجىڭغا قاچان ماڭىسەن؟

ـ بىر ھەپتىدىن كېيىن، 9 ـ ئايدا مەكتەپكە بېرىپ بولىشىمىز كېرەككەن.

ـ ئۈرۈمچىگە ئەتىلا قايتامسەن؟

ـ ھەئە، بېرىپ تەييارلىقلىرىمنى پۈتتۈرمىسەم بولمايدۇ، ـ ۋايىت ئەپسۇسلانغاندەك ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويۇپ داۋام قىلدى.

ـ نېمانچە ئالدىراش، ئەمسە تويۇمنى كۆرەلمىگۈدەكسەن ـ دە.

ـ راستىنلا توي قىلامسەن؟

ـ ھەئە، سېنى ئالداپ نېمە قىلاي، ئارلىقتا كېلەمتىڭ ـ يا، رۇخسەت سوراپ؟

ۋايىت تۇرگۇننىڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلسىمۇ ئۈنىڭدىن چاقچاق ئارىلاش سوراپ قويىدى. تۇرگۇن بولسا ئاكىسىنىڭ گېپىگە يەنىلا ئىشىنەر ـ ئىشەنمەس بىر تۈيغۇدا ئىدى. تېخى تۈنۈگۈنلا ئىككىسى بىللە سوقمىمۇ ـ سوقما، ھەربىي ـ دۈشمەن ئويناپ يۈرمىگەنمىدى؟ تۇرگۇن ھەر تەتىلدە ئۈرۈمچىدىن كەلگىنىدە ۋايىت بىلەن ئويناياتتى. ئۇ ئەمدىلا ئايىغى چىققان ۋاقىتلىرىدا يېزىدىكى مومىسىنىڭ ئۆيىدە بىر يىل تۇرغانىدى. نەۋرە ئاكىسى ۋايىت ئۈنىڭدىن پەقەتلا بىر ياش چوڭ. مومىسى ئۇلارنى ئىككى بۆشۈككە بۆلەپ، ئىككى قولىدا تەڭ تەۋرىتىپ چوڭ قىلغان. ئوقۇش يېشىغا توشقاندا تۇرگۇن شەھەردىكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ مەكتەپكە كىردى. شۇندىن تارتىپ ۋايىت بىلەن تۇرگۇن پەقەت تەتىللەردىلا كۆرۈشىدىغان بولدى. ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا

شۇنداق بىر قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدىكى، ئۆز ئاكا ـ ئۇكىلارمۇ بىر ـ بىرىگە ئۇلاردەك كۆيمەس ئىدى. ئەتىل كېلىشى بىلەنلا تۇرگۇن يېزىدىكى سۆيۈملۈك ئاكىسىنىڭ يېنىغا قاراپ ئۇچاتتى. ۋايىتمۇ ئۇنى تۆت كۆز بىلەن ساقلايتتى. ئەتىل ئۇلارنىڭ شېرىن ۋە لەززەتلىك باللىق تۇيغۇلىرىنى قايتا ئويغىتاتتى. لېكىن بۇ تاتلىق تۇيغۇنىڭ ئاخىرى يەنىلا ئاچچىق ۋە ئازابلىق بولاتتى. چۈنكى ھەش ـ پەش دېگۈچىلا ئەتىلمۇ توشۇپ قالاتتى. تۇرگۇن قىيمىغان ھالدا بوينىدىن سۆرىگەندەك شەھەرگە يول ئالاتتى. ھازىر تۇرگۇن ئالىي مەكتەپكە چىقتى. ۋايىت بولسا باشقا نۇرغۇن يېزا باللىرىغا ئوخشاش ئوقۇشتىن توختاپ ئېتىز ئىشىغا كىرىشىپ كەتكىلى ئىككى ـ ئۈچ يىل بولۇپ قالغانىدى.

بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ئاكىسىنىڭ، ياق، توغرىسى ئەڭ يېقىن دوستىنىڭ توي قىلماقچى بولىۋاتقانلىقىدىن بىر تۇرۇپ تۇرگۇنمۇ ئۆزىنى باشقىچىلا چوڭ بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

ـ پۈتۈشۈپ قويغان قىزىڭ نېمە ئىش قىلىدۇ؟

ـ بازار بېشىدا بىر دۇكىنى بار، يەل ـ يېمىش ساتىدۇ.

ـ ھە! بىر دۇكانلىق بوپ قالغۇدەكسەن ـ دە، سەنمۇ؟ ـ دېدى تۇرگۇن چاقچاق ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ. ۋايىت ئۈندىمىدى. ئۇ قولىدىكى تاشنى توپا يەرگە جىجاپ ئولتۇرغىنىچە خىياللارغا كەتكەنىدى.

ـ نېمە ئويلاۋاتىسەن؟ جىمىپ كەتتىڭغۇ؟

ۋايىت قاداق باسقان يىرىك قوللىرى بىلەن يەرنى تىرەپ قوپۇپ كەتتى. خىيالچان قارىچۇقلىرىدا قانداقتۇر بىر پۇشايماننىڭ خۇنۇك نۇرلىرى پىلدىرلايتتى.

ـ ئەينى چاغدا ئوقۇشتىن توختاپ قالغىنىمغا ئىچىم ئېچىشىدۇ تۇرگۇن. ئەگەر مەنمۇ ئوقۇغان بولسام، بۇ مېنىڭ ئالىي مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىللىقىدىكى ۋاقتلىرىم بولار ئىدى. تازا بىلىم ئالىدىغان ئالتۇن چاغلىرىم... مۇشۇنداقلا كېچەرمۇ؟ شۇ كىچىك چاغلىرىمىزغا بىر قايتالىغان بولساقمۇ كاشكى. ئىككىمىزلا ئوقۇيدىغان ۋاقىتلار ئىدى. ھەر ئەتىلدە كېلەتتىڭ. ئۆيدىكىلەر نەتىجىلىرىڭنى سورايتتى، ھەممە پەندە نەتىجەڭ ئەلا ئىدى. ئەكسىچە مېنىڭ نەتىجىلىرىم تۆۋەن بولغاچقا، ئۆيدىكىلەر مېنى دائىم ساڭا سېلىشتۇرۇپ تەنقىدلەيتتى. بىللە ئوينايتتۇق. بوۋام بىزگە كىچىك كۆلچەك چېپىپ، مەيدىمىزگە كەلگىدەك سۇ باشلاپ بېرەتتى. چىڭقى چۈشنىڭ تومۇز ئىسسىقىدا بىز ئەشۇ راھەت كارىز سۈيىگە چۈشۈپ ياتاتتۇق. بىردەمگىچە سۇمۇ ھارارەت ئېلىپ تېخىمۇ راھەتلىنىشىپ كېتەتتى. باش چۆكۈرۈپ مۇسابىقىلىشەتتۇق. سەن بەك چىدىماس ئىدىڭ. ئارىلىقلاردا ئوغرىلىقچە بېشىڭنى چىقىرىپ نەپەس ئېلىۋالاتتىڭ. خىيالىڭدا مېنى تۇيمىدى دەپ ئويلايتتىڭ. مەن تۇيۇپ تۇرۇپ تۇيمىغانغا سېلىۋالاتتىم. چۈنكى مەشنىڭ كۆلىگە كۆمۈپ قويغان ياڭيۇنى يەڭگىنىمىز يەيتتۇق. ئەگەر ئوغۇل بالىدەك بەسلەشسەڭ ياڭيۇ ساڭا ھەرگىز نېسىپ بولمايتتى.

سۆزلىگەچ ۋايىتنىڭ تاتلىق ئەسلىمىلەرگە چىلاشقان كۈلۈمسىرەشلىرىدىن يېزا باللىرىغا خاس ئاقكۆڭۈللۈك ۋە ساددىلىق تەپچىيتتى.

ـ بىزنىڭ ھېلىقى لاچىن سوقۇۋەتكەن كەپتەرنى ئۈچرىتىپ قالغىنىمىز ئېسىڭدىمۇ؟ ئۇنىڭ پوكىنى يېرىلىپ كېتىپتىكەن. بىز ئۇنى بوۋامنىڭ قېشىغا كۆتۈرۈپ كىرىۋىدۇق. بوۋام:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـ پىچاق سىلىقتەيلى بالام. بۇ جانىۋار بەرىبىر ئۆلگۈدەك، ـ دېگىنچە پىچاق سېلىشقا تەمشەلگىنىدە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتكەنىدىك. ماڭا: «لاچىن دېگەن قانداق نېمە؟ ماڭا بىر كۆرسىتىپ قويغىنا ئاكا!» دەپ تۇرىۋالغانىدىك. كېيىن ئۆزۈڭ قوشنىمىزنىڭ كەپتىرىنى رەگەتكە بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، ئىككى كۈن قورقۇپ ئۆيدىن چىقالمىغانىدىڭ. قىزىق چاغلار ئىدى. ها ها ! ـ ۋايىت تۇرگۇننىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ قويدى.

تۇرگۇنمۇ شۇ تاتلىق ئەسلىمىلەرنى بىر ـ بىرلەپ خاتىرىسىدىن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. بوۋىسى كولاپ بېرىدىغان كۆلچەكنىڭ ئورنىغا يېڭى ئۆيلەر چۈشكەن، چانا ئوينايدىغان ئۆستەڭلەر شېغىل تاشلىق يەرلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن. نېمىدېگەن ئۆزگىرىپ كەتكەن ھە! ئۇلار سۇغا سەكرەيدىغان ياغاچ كۆۋرۈكنىڭ ئورنىنى ماشىنا ماڭىدىغان بىتون كۆۋرۈك ئالغان، ھەربىي ـ دۈشمەن ئوينايدىغان توپىلىق يوللارنىڭ ئورنىنى ئاسفالىت يوللار ئالغانىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىگە باشقىدىن بىر بۆلەكچە تۇيغۇدا باقتىكى، يۈرىكىنىڭ بىر پارچىسى، روھىنىڭ بىر قىسمىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بولدى، نېمىشقىدۇر ئاجايىپ بىر يىغا تۇتتى. كۆزىدە ئىسسىق تامچىلار مۆلدۈرلەيتتى. ئەمما ئاكىسىغا چاندۇرماستىن يېڭى بىلەن سۈرتىۋەتكەچ يىراقلارغا قارىۋالدى.

ـ مەكتەپتىن چىقىۋالغىنىمغىمۇ خېلى بولدى، ـ دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى ۋايىت. دەسلەپتە ئانچە ھېس قىلماپتىكەنمەن. بارا ـ بارا ئۆزۈمنىڭ نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قېلىۋاتقانلىقىمنى تۇيۇشقا باشلىدىم. ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا نۇرغۇن پەرقلەر پەيدا بولىۋاتقاچقىمىكىن، سەن بىلەن بارغانچە يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك، ھەتتا سەندىنمۇ ئايرىلىپ قېلىۋاتقاندەك سېزىدىغان بولۇپ قالدىم . سەن ئوقۇپ ئىچكىرگە، مەندىن تېخىمۇ يىراقلارغا كەتتىڭ.. ئەمما مەن سەندىن پەخىرلىنىمەن ئۇكام. بىر كۈنلەردە كەلگىنىڭدە مەن بىلەن يەنىلا ئوخشاش مۇھەببەت ئىچىدە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشەرسەنمۇ؟ يەنە مۇشۇ كارىز بويىدا مۇڭدىشارسەنمۇ؟ بىللە ئوينىغان باللىق چاغلىرىمىزنى ھەر قېتىم ئەسلىگىنىمدە يىغا تۇتىدۇ. ۋايىت قولىدىكى ياپىلاق تاشنى يىراققا كۈچەپ ئاتتى. تاش يەرگە چۈشۈپ تاشتىن ـ تاشقا سەكرەپ كەچكى قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرىدا غايىپ بولدى.

ـ تو‌ۋا، نېمە دېگىنىڭ بۇ! مەيلى نەلەردە ئوقۇي، نەنىڭ نېمىسى بوپكېتەي، مەن سېنىڭ ئۇكاڭ، يەنە شۇ تۇرگۇن. سېنى ھەر كەلگىنىمدە قانماي ـ قانماي قۇچاقلايمەن ئاكا. مۇشۇنىمۇ گەپ دەپ قىلامسەن؟ ـ تۇرگۇن خاپا بولغاندەك قىلىۋىدى، ۋايىت:

ـ چاقچاقتىن مۇنداقلا سوراپ قويدۇم، ـ دەپ گېپىنى قايتۇرىۋالدى. ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى. ۋايىت ئىشتىنىنىڭ كۆرۈنەر ـ كۆرۈنمەس يوللىرىنى سىجاپ ئولتۇرۇپ يەنە نېمە خىياللارنىدۇر باشلاپ كەتكەنىدى.

ـ ۋايىتجان! تۇرگۇن بالام ! تاماق پىشتى. يېنىپ چىقىڭلار!

مومىسىنىڭ ئاۋازى ئۇلارنىڭ چەكسىز كەتكەن خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈۋەتتى.

ئەتىسى سەھەر. ئۆيدىكىلەر ئالدىراش. مومىسى تۇرگۇننىڭ يۈك تاقلىرىنى يىغىشتۇرغاچ ھەدەپ ئۆزى ياققان توقاچ، سۈت نانلارنى، ھەتتا ئۈنىڭ ئۈچۈن خېلىدىن بېرى بوتۇلكىغا يىغىپ كەلگەن قايماقلىرىنى سومكىغا ئالدىراشلىق بىلەن نىقتاپ سېلىشقا باشلىدى. تۇرگۇننى ئېلىپ ماڭىدىغان ماشىنا ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇراتتى.

ـ ماۋۇ ئىككى شىشە سۈتنى دۈمبەڭدىكى سومكىنىڭ يانچۇقىغا سەپ قويay بالام!

ـ ۋاي، توشۇپ كەتتى موما! ئەمدى ئېتىلىپ كېتىدۇ بۇ سومكا.

ـ ئەمسە تۇرۇپ تۇر بالام ، مەن بىر سومكىغا سېلىپ چىقاي.

ـ ئۇۋ! بولدى قىلە، مۇشۇنىڭغا سالە بولدى، ئەكە!- تۇرگۇن مومىسىنىڭ ئۇششاق ئىشلىرىدىن ئاغرىنغاندەك قولىدىن ئىككى بۇتۇلكا سۈتنى ئېلىپ سومكىغا جايلاشتۇردى ـ دە، ماشىنا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

بوۋىسى ۋە ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى بۇ سۆيۈملۈك ئوغۇلنى ئۇزىتىش ئۈچۈن دەرۋازا ئالدىدا تۇرۇپ كېتىشكەنىدى.

ـ خوش بوۋا ـ موما، ئۆزۈڭلارنى ئاسراڭلار! مەن كېلەر يىلى تەتىلدە يەنە كېلىمەن.

ـ ماقۇل بالام، خوش! جېنىم بالام سەن ماڭغىچە سېنى ئۇزىتىپ ئۇرۇمچىگە يەنە چىقىمەن.

ـ ياقەي، ئۇنداق ئاۋارە بولغىدەك ئىش يوق.

ـ تۇرگۇنجان، بالام، ياخشى ئوقۇ! ماۋۇ كىچىككىنە پۇل بوۋاڭدىن ساڭا يوللۇق. جىق بېرەلمىدىم، كېيىن يەنە ئەۋەتىپ تۇرىمەن.

ـ بولدى، بولدى، ئۇنداق قىلما! ـ بوۋاي ئالقانلىرىدا چىڭ سىقىلغان ئۈچ يۈز كوي پۇلنى تۇرگۇننىڭ يانچۇقىغا زورلاپ سېلىپ قويدى. بوۋاي كۆزلىرىدە لىغىلدىغان ياشنى توسۇپ قالالمىدى. بۇ سۆيۈملۈك دېھقان بوۋاي شەھەرلىك نەۋرىسنى تېخىمۇ ئۇزاق بىر شەھەرگە يولغا سالماقتا ئىدى. گىگانت، يوغان بىر قول تۇرگۇننىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى. تۇرگۇن كىچىك چاغلىرىدا بوۋاي تۇرگۇننىنىڭ بېشىنى مانا شۇنداق سىلاپ: «بۇ بالامنىڭ بېشىنىڭ ئىچى ھەممىسى ئەقىل» دەپ ئەركىلىتىپ كېتەتتى. بوۋاي بۇ ئۇزاقتا بىر كۆرىدىغان شەھەرلىك نەۋرىسىگە شۇ قەدەر ئامراق ئىدى...

تۇرگۇننىمۇ ئاچچىق بىر يىغا تۇتتى. ماشىنىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ دېرىزىدىن قولىنى پۇلاڭلاتقىنىچە خوشلىشىپ يىراقلاشتى. ماشىنا ئەمدى مەھەللىدىن تاشيولغا قايرىلىدىغان جايغا كەلگەندە، ۋايىت يۈگۈرگىنىچە ماشىنىنىڭ ئالدىغا چىقتى.

ـ ئۇھ! ماشىنغا يېتىشەلمەيدىغان بولدۇم دىگەن. تۇرگۇن، بۇنى ساڭا ئالدىم. ساڭا باشقا ھېچنىمە بېرەلمىدىم ئۇكام، ـ ۋايىت ھاسىرغىنىدىن ئاران ـ ئاران نەپەس ئالاتتى. ئاددىيغىنا بىر سىياھ قەلەم سېلىنغان قۇتىنى چىڭ سىقىمدىغان تۇرگۇننىڭ كۆزلىرىدىن تامچە ـ تامچە ياش سىرغىيتتى.

# بىلدۈرگۈ

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا بەت سانى چەكلىمىسى ۋە ۋاقىت ئېھتىياجى سەۋەبىدىن نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشقا ئامالسىز قالدۇق. شۇڭا ئاپتورلاردىن سەممىي كەچۈرۈم سورايمىز. ئەسىرى ئېلان قىلىنمىغان ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كىيىنكى سانغا بېرىشنى، بۇنىڭدىن كيىنمۇ نادىر ئەسەرلىرى بىلەن داۋاملىق تەمىنلەپ تۇرىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن: سادا ژورنىلى تەھرىراتى




[illegible]
مەھەللە ئايىغىدىكى مەسچىتكە جۈمە نامىزى ئۆتىگىلى باردىم. بۇ دادامنىڭ مېنى تۇنجى قېتىم مەسچىتكە جۈمە نامىزى ئۆتەشكە ئاپىرىشى ئىدى (چۈنكى مەن كىچىك ئىدىم). بۈگۈن بۇ يەر بۆلەكچىلا قىزىپ كەتكەنىدى. مەن مەسچىت ئالدىدىكى نۇرغۇن ئادەملەرنى كۆرۈپ بەكلا ھەيران قالدىم. چۈنكى بۇ يەر ھازىر مەن ھەر كۈنى ئەتىگەن ـ كەچتە مەكتەپكە بېرىپ كېلىشىمدە كۆرگەن يەرگە قەتئىيلا ئوخشىمايتتى. مەسچىت ئالدى خۇددى بىر كىچىك بازارغا ئوخشاپ قالغانىدى. قاسساپلار، زاسۇيچىلەر، ناۋايلار، جايناماز كۆتۈرۈۋالغان بالىلار، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇششاق سودا قىلىدىغان تىجارەتچىلەر مەسچىت ئالدىدىكى يول چەتلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ، كىچىك ـ كىچىك يايمىلارنى ئېچىپ بۇيەرنى باشقىچە بىر تۈسكە كىرگۈزىۋەتكەنىدى....

ـ نېمانداق كۆپ ئادەم بۇ؟ ــ دەپ سورىدىم دادامدىن.

ـ بالام، بۇ دېگەن ھەپتىدە بىر كېلىدىغان جۈمە نامىزى، ئادەتتە بەش ۋاخ نامازنى تولۇق

[illegible]
ئۇندىن باشقا تىجارەتچىلەرمۇ بۇنداق ئوبدان سودا پۇرسىتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشنى خالىمايدۇ، ــ دەپ ئاددىيلا چۈشەنچە بەردى دادام.

ئەتراپقا قىزىقىش ئىچىدە بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن دادامغا ئەگىشىپ مەسچىت ئىچىگە كىردىم. مەسچىتتىكى ئادەملەر خۇددى بىزنى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىمىز قاتارغا تۇرغۇزغاندەك رەتلىك قاتار بولۇپ ئولتۇرۇشقان ئىدى.

ـ دادا، ئۇلارنى كىم بۇنداق رەتلىك ئولتۇرغۇزىدۇ؟ــ دېدىم مەن.

ــ ناماز دېگەننى شۇنداق رەتلىك تۇرۇپ ئوقۇيدىغان گەپ، بولدى، بولدى، جىم ئولتۇر،ــ دېدى دادام.

سۈننەت نامىزىنى ئوقۇپ بولدۇق، مەزىن پەرز نامىزىغا ئەزان توۋلىغاندا ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز ئۆتەشكە تەييار بولۇپ، قاتارلىرىنى قايتا تۈزەپ ئىمامنىڭ ناماز باشلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. مەنمۇ دادامنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇشقا ھازىر بولۇپ تۇردۇم. تۇيۇقسىز سىرتتىكى تىجارەتچىلەر يادىمغا كېلىپ سىرتقا قارىدىم. ئۇلار تېخىچە مەسچىت سىرتىدا

تۇراتتى . ھەيران بولۇپ دادامدىن سورىدىم .

ــ دادا، ئۇ تىجارەتچىلەر ناماز ئوقۇمامدۇ؟

دادام مېنى سىلكىشلەپ بىرنى ھومىيىپ قويۇپ گەپ قىلماي ئالدىغا قارىدى . ئاڭغىچە ئىمام «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ نامازنى باشلىدى . مەنمۇ ئەتراپىمدىكىلەرگە ئەگىشىپ، نامازنى دادامنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئوقۇدۇم .

نامازدىن يانغاندىن كېيىن دادامدىن سورىدىم:

ــ بايا نېمىشقا سوئالىمغا جاۋاب بەرمەيسەن؟

دادام ماڭا يەنە بىرنى ھومىيۋېتىپ،ــ نامازغا تۇرغاندا گەپ قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ ئۆگەتتىمغۇ ساڭا،ــ دېدى .

ــ ئەمىسە ھازىر جاۋاب بەر،ــ دېدىم مەن ئۇ تىجارەتچىلەرنىڭ ناماز ئوقۇمىغىنى كاللامدىن ئۆتمەي .

ــ نېمانداق تولا سوئال سوراۋېرىسەن ئۇلار نامازغا كىرىپ كەتسە، ئۇ نەرسىلىرىگە كىم قارايدۇ؟ ــ دېدى دادام .

ــ سەن ناماز ئوقۇش دېگەن مۇسۇلمانغا پەرز دېگەنتىڭغۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممە ئادەم نامازغا كىرىپ كېتىدىغان تۇرسا، ئۇ نەرسىلەرگە قاراشنىڭ ھاجىتى نېمە؟ مەسچىت ئالدىدا ئۇلارنىڭ نەرسىلىرىنى كىم ئېلىۋالاتتى، ــ دېدىم مەن ھەيران بولۇپ .

ــ بالام سەن تېخى كىچىك، چوڭ بولغاندا بىلىپ قالىسەن، ھازىر ھېچنېمىگە ئىشەنگىلى بولماس بولۇپ كەتتى . ھەتتا مەسچىت ئىچىدىكى ئاياغلارمۇ يوتۇپ كېتىدىغان تۇرسا... ھەي، ئۇ خەقلەر ئۆزىنىڭ نېمىگە مەسچىتكە كىرگىنىنىمۇ بىلمەيدۇ . ئاللاھ ئىگەم كەچۈرگەي ئۇلارنى، دەپلا گېپىنى توگەتتى .

دادام بىلەن شۇ گەپلەرنى دېيىشىپ، مەسچىتتىن ئەمدىلا چىقىشىمىزغا تېخىمۇ ھەيران قالارلىق ئىشلار يۈز بەردى . جاھاننى بىردىن ئېچىنىشلىق ئاۋازلار قاپلاپ كەتتى . بىرمۇنچە دىۋانىلەر مەسچىت ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئېچىنىشلىق توۋلىشىۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يېرىك ئېقىپ تۇرغان پۇتلىرىنى كۆرسىتىپ ئىڭرىسا، بەزىلىرى كۆزىنىڭ كۆرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئېچىنىشلىق يىغلايتتى . يەنە بەزىلىرى بولسا، كىچىك بالىلىرىنى ئالدىغا قويۇۋېلىپ، «ئاللاھ ھەققىدە بالامغا ياردەم قىلساڭلار» دەپ نالە قىلاتتى . مېنىڭ ئۇلارغا بەكلا ئىچىم ئاغرىپ كەتتى . يانچۇقۇمدا نۇرغۇن پۇل بولسا، ھەممىسىنى شۇلارغا بەرسەم، دەپ ئويلاپ كەتتىم .

لېكىن مەسچىتتىن چىققان ئادەملەر ئۇلارنى كۆرمىگەندەك، ئۇلارنىڭ نالىسىنى ئاڭلىمىغاندەك، دىۋانىلەرنىڭ ئېچىنىشلىق يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي، ھەممىسى ئۆز يولىغا كېتىۋاتاتتى . چوڭ ئادەملەر بەكلا تاش يۈرەك بولىدىكەن، بۇ بىچارىلەرگە ھېچكىممۇ قاراپ قويمىدى ،ــ دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە ۋە دادامدىن:

ــدادا، ئۇ ئادەملەر نېمىشقا بۇلارغا ياردەم قىلمايدۇ؟ــ دەپ سورىدىم .

ــ ئوغلۇم، سەن تېخى كىچىك، چوڭ بولغاندا بىلىپ قالىسەن ،ــ دېدى دادام . (مېنىڭ جىق سوئاللىرىمغا دادام مۇشۇنداقلا جاۋاب قايتۇراتتى، لېكىن مەن بۇ جاۋابنى تازا چۈشەنمەيتتىم.....)

ــ ئۇلار ياردەم قىلمىسا مەيلى، لېكىن بىز ياردەم قىلايلى ،ــ دېدىم مەن دادامغا . دادام ماڭا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ،ــ مە، تۇت، بۇنى ئاپىرىپ بەر ،ــ دەپ قولۇمغا بەش سوملۇق پۇلدىن بىرنى تۇتقۇزدى .

ــ ئاناڭ ئۆيدە گۆش توگىگەنىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقان، مەن بېرىپ گۆش ئەكىلىۋالاي، سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر ،ــ دېدى .

مەن بەكلا خۇش بولۇپ، ئۇ بەش سوم پۇلنى ھېلىقى ئاپال ئالدىغا قويۇۋالغان بالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدۇم .

مەسچىتتىكى ئادەملەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چىقىۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تونۇشلىرى بىلەن پاراڭلاششا، بەزىلىرى تىجارەتچىلەرنىڭ ۋاقىتلىق دۇكىنىنى ئايلىنىپ ئۆزىگە لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىشىۋاتاتتى . بىر دەمدىن كېيىن مەسچىتتىن سالاپەتلىك كىيىنگەن بىرى يېنىدىن ئەللىك سوملۇق پۇلدىن بىرنى ئېلىپ، ئۇ تىلەمچىلەرنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى . ۋاھ، مۇنداق ياخشى ئادەملەرمۇ بار ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم ئىچىمدە . لېكىن بۇ ئەللىك سوم پۇل بىر ئازدىن كېيىن بالاغا ئايلاندى . ئۇ ئادەم تاشلىغان پۇل يېقىن ئولتۇرغان ئىككى تىلەمچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشكەن ئىدى . ئۇ ئادەم كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئىككىسى بۇ پۇلنى مېنىڭ دېسە مېنىڭ دېيىشىپ تالىشىۋاتاتتى . پۇلنى بەرگەن ئادەم ئاللىقاچان بۇ يەردىن كېتىپ قالغان، ئۇنىڭ پۇلنى كىمگە بەرگىنىنى بىلگىلى بولمايتتى . ھېلى شۇنچە بىچارە، ياۋاش تۇرغان تىلەمچىلەر بىردىنلا ئەلپازىنى ئۆزگەرتىپ، بىر ـ بىرىنى قەلەندەردىن دىۋانىگە سېلىپ تىللىشىپ كەتتى .

ــ سەن قەلەندەر، ئۆزۈڭنىڭ ئالدىغا چۈشكەن پۇلنى ئالساڭ بولمامدۇ، ئىنساپ دېگەن بارمۇ سەندە ،ــ دېسە، يەنە بىرى ،ــ بۇ پۇلنى ئۇ ئادەم مېنىڭ ئالدىمغا تاشلىغان، سەن ئېلىۋالدىڭ، نېمانداق نومۇسسىز دىۋانە سەن ،ــ دەپ بىر ـ بىرىدىن بوش كەلمەي

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

تىللىشىۋاتاتتى. ئادەملەر بۇ ۋارقىراشلارنى ئاڭلاپ، ھەممىسى بۇيەرگە يىغىلدى. ئۇلار بۇ ئىككىسىنى ئاجرىتىپ قويماقتا يوق، كۈلۈشۈپ تاماشا كۆرۈشۈۋاتاتتى. چوڭ ئادەملەر راستتىنلا غەلىتە ھەم ئەسكى بولىدىكەن، بىزگە مۇئەللىم باشقىلار ئۇرۇشۇپ قالسا ئاجرىتىپ قويۇڭلار دەپ ئۆگەتكەن، بۇ ئادەملەر مەندىن چوڭ تۇرۇپ شۇنچىلىك قائىدىنىمۇ بىلمەمدىغاندۇ؟! نېمىشقا ئۇلارنى ئاجرىتىپ قويمايدىغاندۇ!؟

شۇ ئارىدا كاللامغا تۇيۇقسىز بىر ئەقىل كەلدى ۋە ئۇلارنى ئاجرىتىپ قويماقچى بولدۇم. ئۇ ئىككى دىۋانىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا:

ــ توختاڭلار، مېنىڭ بىر ئامالىم بار، ــ دېدىم.

ئۇ ئىككى تىلەمچى مېنىڭ بېشىمدىن ئايىغىمغىچە بىر سەپسېلىۋېتىپ، ماڭا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.

ــ مۇنداق بولسۇن، بۇ پۇلنى ئىككىڭلار يىگىرمە بەش سومدىن ئۈلۈشۈڭلار ــ دېدىم . بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ، پۇلنى ئاۋۋال ئېلىۋالغان تىلەمچى بىردىنلا چىرايىنى ئۆزگەرتىپ:

ــ ئۇ ئادەم پۇلنى ماڭا بەردى، بۇ دېگەن مېنىڭ پۇلۇم، قانداق شۇم بۇ، ماڭ جوگۇ، داداڭ بەرگەن پۇلنى ئاچاڭ بىلەن شۇنداق ئۈلۈشۈۋال، ــ دېدى زەردە بىلەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەتراپتىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشتى. مەن خىجىل بولۇپ كەينىمگە يېنىپ چىقتىم. شۇ ئارىدا دادام قايتىپ كەلدى ۋە مەندىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. مەن ئۇ ئىككى تىلەمچىنىڭ پۇل ئۈلۈشەلمەي ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى دادامغا ئېيتقاندىم، دادام:

ــ ھۇ، نومۇسسىزلار، شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ ئالدىدا نومۇس قىلماي، ھەي .... ئاللاھ جاجىسىنى بەرسۇن ئۇلارنىڭ ،ــ دېدى تېرىكىپ.

ــ ئەمدىغۇ بەزى ئىشلارنى چۈشەنگەنسەن؟ دېدى دادام يەنە ، ماڭا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ. مەن قوشۇلغاننى قىلىپ بېشىمنى لىڭشىتتىم. بىرئازدىن كېيىن، ئادەملەرنىڭ توپلىشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ ئەتراپتىكى ئامانلىق ساقلاش خادىملىرى كەلدى ۋە ئادەملەرنى تارقىتىۋەتتى.

مەن: «ھە، ئەمدى ئىشلار ياخشى ھەل بولىدىغان بولدى، ئىككىسىگە 25سومدىن ئۈلەشتۈرۈپ قويىدىغۇ» دەپ ئويلىدىم، لېكىن ئۇنداق بولمىدى. ئۇلارنىڭ ئىش بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى باشقىچە ئىكەن، ئۇ ئىككى ئامانلىق ساقلىغۇچى ئادەملەرنى تارقىتىۋەتكەندىن كېيىن، ئىككى دىۋانىدىن ئەھۋالنى بىر قۇر ئىگەللىدى ۋە ھېلىقى پۇلنى تارتىۋېلىپ:

ــ جېدەلنىڭ يىلتىزى شۇ ئەللىك سوم پۇل، بۇ دېلونى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلىش ئۈچۈن ۋە باشقا تىلەمچىلەرگە ساۋاق بولسۇن ئۈچۈن بۇ ئەللىك سوم پۇل مۇسادىرە قىلىندى،ــ دەپ ئۈنلۈك ئېلان قىلدى. ئۇلارغا بۇندىن كېيىن ئۇرۇشماي ئىناق ئۆتۈش توغرىسىدا، بىر مۇنچە تەربىيەلەرنى قىلىپ كېتىپ قالدى، ئۇ ئىككى تىلەمچى بولسا، بىر -بىرىگە تېخىچە ھومىيىشىپ قارىشىپ تۇراتتى. مەن كاللامدىن ئۆتمەي، دادامدىن سورىدىم:

ــ دادا، بۇ قانداق بىر تەرەپ قىلىش بوپ كەتتى؟

ــ بولدى قىل ئوغلۇم، ساقچى خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما،ــ دېدى دادام. «نېمىشقا ئەمدى؟» دەپ سورىسام دادامنىڭ «بالام، سەن تېخى كىچىك، كېيىنچە بىلىپ قالىسەن» دېيىشىنى بىلەتتىم، شۇڭا سورىمىدىم.

مەن بۇ ئىشلاردىن بەكلا ھەيران بولدۇم. چوڭلار ئاجايىپ بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ نېمە ئويلايدىغىنىنى پەقەتلا بىلگىلى بولمايدىكەن. دادام جىق ئىشلانى چوڭ بولغاندا بىلىپ قالىسەن دەيدۇ. چوڭ ئادەملەر ئارىسىدىكى ئىشلار بۇنداق مۇرەككەپ بولسا ھەرگىز چوڭ بولماسىمىنا، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

شۇلارنى ئويلاپ دادام بىلەن ئۆيگە تەرەپكە كېتىۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز كەينى تەرەپتىن ھېلىقى ئىككى ساقچى (بۇ يەردىكىلەر ساقچىنىمۇ، ئامانلىق ساقلاش خادىملىرىنىمۇ ئوخشاشلا ساقچى دەۋېرەتتى) ئۇرۇشۇپتۇ دېگەن ئاۋازلارنى ئاڭلاپ قالدىم. كەينىمگە قارىسام، بىر توپ ئادەملەر بايىقى ئامانلىق ساقلىغۇچىلار كەتكەن تەرەپكە قاراپ، يۈگۈرۈشۈپ دېگۈدەك كېتىۋاتاتتى. مەنمۇ نېمە ئىش بولغىنىنى قىزىقىپ، دادامنىڭ:

ــ بولدى ئوغلۇم، ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشما،ــ دېگىنىگە ئۇنىماي، قولىدىن سۇرەپ ئۇ يەرگە باردىم. شۇ يەردىكى كىشىلەردىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدىم.

ــ نېمە ئىش بولاتتى،ــ دېدى بىر بوۋاي،ــ يەنە شۇ ئەللىك سومنىڭ ئىشى. بايىقى دىۋانىلەردىن مۇسادىرە قىلغان پۇلنى ئۈلۈشەلمەي، ئەمدى بۇ ئىككى دىۋانە ئۇرۇشۇۋاتىدۇ. دادام بوۋاينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئەتراپقا خۇدۇكسىرەپ قارىدى.

دېمىسىمۇ، ئۇ ئىككىسى بۇ پۇلنى مەن مۇسادىرە قىلدىم، مېنىڭ بولىدۇ دېسە ياق، مەن مۇسادىرە

قىلدىم، بۇ پۇل مېنىڭ دېيىشىپ ئۇرۇشۇۋاتاتتى. مەن ئۇلارغا ھەيران بولۇپ دادامدىن سورىدىم:

ــ دادا، بۇلار ساقچى ئەمەسمۇ ؟

ــ ساقچى، ئوغلۇم، ساقچى،ــ دېدى دادام .

ــ لېكىن ئۇ بوۋاي بۇلارنى دىۋانە دەۋاتىدىغۇ؟!ــ دېدىم مەن،ــ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارئوقۇتقۇچىمىز بىزگە سۆزلەپ بەرگەن ساقچىلارغا قەتئىي ئوخشىمايدىكەن، ھەم مەن كىتابلاردا ئوقۇغان ساقچىلارغا ئوخشىمايدىكەن.

ــ بولدى، سوئال سوراۋەرمە، ــ دېدى دادام،ــ ئادەملەر ھەرخىل بولىدۇ، ساقچىلارمۇ شۇنداق، ئادەملەردە ئىنساپ قالمىدى ئوغلۇم، كېيىن بىلىپ قالىسەن بۇ ئىشلارنى، كېيىن بىلىپ قالىسەن....

ئاللاھ كەچۈرگەي ھەممىمىزنى،ــ دېدى دادام بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ئۇھسىنىپ.

ئۇلارنىڭ جېدەلى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. بىرى يەنە بىرىنى:

ــ نېمانداق دىۋانىدەك نېمە سەن، پۇل كۆرۈپ باقمىغانمىدىڭ؟ــ دېسە يەنە بىرى:

ــ مەسچىت ئالدىدىكى تىلەمچىلەرمۇ سەندىن ياخشىراق. ئىسىت، ساقچى بولۇپ قالغىنىڭ دەپ تىللىشىۋاتاتتى.

بۇ گەپلارنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقىم ئېشىپ تېخىمۇ قايمۇقۇپ كەتتىم. دادام مەسچىت ئالدىدىكى ھېلىقى بىچارە ئادەملەرنى دىۋانە دېگەن ئىدى. ئۇلارمۇ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى دىۋانە دەپ تىللىشىۋاتىدۇ. ئۇ بوۋاي بولسا بۇ ئىككىسىنى دىۋانە دەۋاتاتتى. ئەمدى بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىنى دىۋانە دەپ تىللىشىۋاتىدۇ. ھەي، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كەتتى!؟

مەن شۇنچە ئويلىنىپمۇ مەسچىت ئالدىدىكى ئۇ بىچارە ئادەملەر بىلەن بۇ ئىككى فورما كىيىۋالغان ئادەمنىڭ پەرقىنى، زادى قايسىسىنىڭ ھەقىقىي دىۋانە ئىكەنلىكىنى پەقەتلا ئايرىيالمىدىم، بەلكىم دادامنىڭ دېگىنىدەك كېيىنچە بىلىپ قالارمەن......

# ئەسكەرتىش

ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ ساندا ئاپتور ئىسىملىرىنىڭ بەك ئۇزۇن بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەسەر ئاپتورلىرىنىڭ قايسى يىللىقتا ئوقۇيدىغانلىقى سان بىلەن تىرناق ئىچىگە ئېلىنىپلا يېزىلدى. مەسلەن: دىلئارام ۋەلى (2006 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى) قىلىپ يېزىلىشقا تېگىشلىك ئىسىملار. دىلئارام ۋەلى (2006) قىلىپ قىسقارتىلدى. شۇڭا كەڭ ئوقۇرمەن ۋە ئاپتۇرلارنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى سورايمىز.

ھۆرمەت بىلەن: سادا ژۇرنىلى تەھرىراتى




بىر يىگىت كوچا ئاپتوبۇسىغا چىقىپ بىر ئورۇندا ئولتۇردى. «ھېلىمۇ ياخشى تەلىيىم بار ئىكەن، تاس قاپتۇ ئورۇن قالمىغىلى» دەپ ئويلىدى يىگىت. ئاپتوبۇس خېلى ماڭغاندىن كېيىن كېيىنكى بېكەتتىن يېشى ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغان، چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان بىر ئايال چىقىپ كەلدى. ئۇ ئورۇن بوشىتىپ بېرىشنى ئويلىدىيۇ، لېكىن دەرھاللا خىيالىدىن ياندى. بۇرۇن ئاپتوبۇستا چوڭلارغا ئورۇن بوشىتىپ بەرگەننى ياخشى دېيىتتى، لېكىن ھازىر ئۇنداق ئەمەس. ھازىر ئۇنداقلارنى ئۆز ئورۇننى تارتقۇزۇپ قويغان ئەخمەق قاتارىدىن ھېسابلاپ باشقىلار مەسخىرە قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ پۇلغا بىلەت سېتىۋالغان ھەم مەن ئۇنى تونىمىسام بىكارچە ئورۇن بەرگىدەكمەنمۇ؟! دېگەنلەرنى ئويلاپ، دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ كۆرمىگەنگە سالدى.

ئاپتوبۇس ئۇ چۈشىدىغان بېكەتكە يېتىپ كەلدى. ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە، ئانىسى بىلەن دادىسى تېخى ئىشتىن كەلمىگەن چېغى، ئۆيدە ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ ئولتۇرۇپ چاي ئىچكەچ تېلېۋىزور كۆرۈشكە باشلىدى. تەخمىنەن يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئۇلار قايتىپ كەلدى. چىرايى تولىمۇ سولغۇن كۆرۈنەتتى، ئانىسى ئىشىكتىن كىرىپلا سۆزلەپ كەتتى:

ـ ئۇھ! ئەجەپمۇ ھېرىپ كەتتىم، ئون نەچچە بېكەت يولنى قىستا ـ قىستاڭچىلىقتا ئۆرە تۇرۇپ بېسىپ كەلدۇق. ھازىرقى زامانىنىڭ ياشلىرىغا نېمە بولغىنى، ئورۇندۇقتا بىرسى چاپلاپ قويغاندەك ئولتۇردىكەن، يا چوڭلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىشنى بىلمىگەن، ياش تۇرۇپ بۇنداق بولغىلى تۇرسا بىزدەك جەبرى ـ جاپالارنى چېكىپ، بىزدەك ياشقا كەلگەندە قانداق قىلار دەيمەن.

ـ شۇ ئەمەسمۇ، ـ سۆز قاتتى دادىسى، ـ بۇ ئائىلە تەربىيىسىدىكى مەسىلە ئەمەسمۇ، ھەممە كىشى باللىرىغا بىزدەك «چوڭلارنى ھۆرمەتلە» دەپ تەربىيە قىلمايدۇ ـ دە.

ـ راست، ـ تەستىقلىدى ئانىسى، ـ ئەتە خۇدايىم ئوغلىمىزغا ئوخشاش ياشلار چىققان ماشىنىغا چىقىشقا نېسىپ قىلغاي.

يىگىت يا كۈلىشنى، يا يىغلاشنى بىلەلمىدى. يۈرىكىنى بىر نەرسە قامالاۋاتقاندەك، يۈرىكى ئەمدى تېپىرلىمايدىغاندەك، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىۋاتقاندەك ھېس قىلدى ۋە دەلدەڭشىگىنىچە ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

# تۆگە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئېچىلغان يىغىنىدىن تېز سىزما

**(فېلىيەتون)**

**مېھرۇللا تەۋەككۇل(2008)**

سۆزلەۋاتقان ئاۋۇ قورسىقى ھەممىدىن يوغان، ھەممىدىن پەرقلىق، كۆپ يىگەنلىكى ئۇچۇن كارنىيى بوغۇلۇپ خىرقىراپ سۆزلەۋاتقان كىشى تۆگە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى «قورساق» بولىدۇ؛ ئۇنىڭ سول يېنىدا ئولتۇرغىنى مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى «تەدبىر» بولىدۇ؛ ئوڭ يېنىدىكىسى بولسا مالىيە بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى«پەتنۇس» خانىم بولىدۇ؛ تەدبىر ئەپەندىنىڭ يېنىدىكىسى مەكتەپ تەلىم ـ تەربىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى«ئىشكەل»، پەتنۇس خانىمنىڭ يەنە بىر يېنىدا ئولتۇرغىنى مەكتەپ ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى«دىكتاتۇرا» بولىدۇ؛ قالغانلىرى يەنە باشقا تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى بولىدۇ. تۆۋەندە يىغىن ئاڭلاۋاتقانلارغا كەلسەك، ئۇلار تەرتىپ بويىچە ئولتۇرۇشقان، يەنى ئالدى رەتتىن كەينى رەتكە قاراپ رەسىم، مۇزىكا، تەنتەربىيە، ئەمگەك تېخنىكىسى، ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، سىياسەت ئوقۇتۇش گۇرۇپپىلىرى..

ــ دىققەت يولداشلار!، ـ قورساق قولىدىكى دەپتەرگە قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى، ـ بىز بۇ يىل تارىخىمىزدا كۆرۈلمىگەن يېڭى رېكورت ياراتتۇق، بىزنىڭ بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتۇش نىسبىتى%56 كە يەتتى، بۇلارنىڭ %90 داجۇەن مەكتەپلىرىگە، %10 بېنكې مەكتەپلىرىگە ئۆتتى.

ئۇ بۇ قۇرلارنىڭ ئاستىدىكى سان ـ سىفىرلارغا كۆز يۈگۈرتتىيۇ ئوقۇمىدى. بۇ قۇرلاردا «ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەنلەرنىڭ %85 ى تۆگە قاتناش يولى بىلەن ئۆتكەن» دېيىلگەن ئىدى. قورساق كۆڭلىدە: «بىزنىڭ مەكتەپ تۆگە مەكتەپ تۇرسا، تۆگە قاتنايدىغان يولدا ماڭىدىغانلار كۆپ چىقىدۇ ـ دە، يىڭنىمۇ پاتمايدىغان ئالدى ئىشىككە ئۆزىنى ئۇرغاندىن كۆرە، كەينى ئىشىكتىن تۆگە قاتناتسا نېمە بوپتۇ» دەپ ئويلىدى.

ئۇ قولىدىكى دەپتەرنىڭ ۋارىقىنى ئۆرۈپ يەنە ئوقۇشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز ئۇ ئوقۇشنى توختىتىپ ئىشكەل بىلەن دىكتاتۇرىغا ئىشارەت قىلدى. بۇ ئىككەيلەن يىغىن مەيدانىنى ئوراپ تۇرغان كىچىك «لىپاپ» لارغا ئىشارەت قىلدى، كىچىك لىپاپلار ئىشارەتنى تېزلا چۈشەندى ۋە يۈگۈرۈپ بېرىپ ھەر بىرسى بىردىن ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ قۇلىقىنى قولى بىلەن ئەتتى. قورساق مەمنۇن بولۇپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

ـ ئۆتكەن يىلى راسخوت پۇلى، ئىئانە دەپ مەكتەپ خەزىنىسىگە كىرگەن پۇل مىليون يۈز مىڭ مىڭ يۈز يۈەن بولۇپ، بىر يىل ئىچىدە جەمئىي ئون مىڭ مۇنچە يۈز يۈەن ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىلىپ، يەتمىگەن يۈز مىڭ مىڭ يۈز يۈەننى بىزلەر چېپىپ يۈرۈپ ھەل قىلدۇق، ـ قورساق توختاپ چاي ئىچتى ۋە قولىنى سىلكىدى، شۇ ھامان لىپاپلار ئۆز جايىغا قايتىشتى، ئۇ يەنە ئوقۇشنى باشلىدى:

ـ ئۆتكەن يىلى بىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتىشتا زور ئىشلارنى قىلدۇق، بىزنىڭ بىر ئوقۇغۇچىمىز ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسىدە ئىككىنچىلىككە ئېرىشتى. ئۇ قايسى ناخشىنى ئېيتقان؟ ھە، «مىڭ بىر كېچە» دېگەن ناخشىنى ئېيتقان. 1 ـ دەرىجىگە ئېرىشكەن ئوقۇغۇچى....ھېلىقى... قايسى ناخشىنى ئېيتقان بولغىيتتى؟ ھە ـ راست، «مىڭ بىر ئارزۇ» دېگەن ناخشىنى ئېيتقان. بىزنىڭ ناخشا بىلەن ئانچە پەرقى يوقكەن بولمىسا...ئەمدى بۇ يىللىق پىلانغا كەلسەك، دۆلەت سىياستىگە ئاساسەن، ـ قورساق يەنە

www.uyghurkitap.com

ئىشارەت قىلدى، لىپىلار تېزلىك بىلەن سىياسەت ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قۇلىقىنى ئەتتى، ـ راسخود پۇلى ئاشۇرۇلىدۇ، بۇ يىل ئىئانە توپلىنىدىغان ئورۇنلار كۆپ، ئەخلەت پۇلى يېتىشمىدى. ئوقۇغۇچىلار فورمىسى قايتا تىككۈزۈلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار كەم دېگەندە 14 قېتىم كىنوغا ئاپىرىلىدۇ. دەرستىن سىرتقى پايدىلىنىش ماتېرىيالىدىن ئاز دېگەندە 4~5 نۇسخا تارقىتىلىدۇ. مەكتەپ مالىيە چىقىمىنى تېجەش ئۈچۈن مەكتەپ ئىچىدىكى ئېغىر ـ يىنىك ئىشلارنى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار سەپەرۋەرلىككە كېلىپ بىرلىكتە قىلىدۇ. ھەر خىل پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلسە، پائالىيەت چىقىمىنى ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلاردىن توك، سۇ ھەققى يىغىلىدۇ...

ـ مۇدىر، بەك كۆپ يەۋەتسىلىرى سىڭدۈرەلمەسلىمىكى، ـ دېدى ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىدىكى بىر ئوقۇتقۇچى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ.

بۇ گەپ قورساققا تەسىر قىلماستا دىكتاتۇرا بىلەن ئىشكەل سەكرەپ چىقىپ، ئورۇندۇقتىن ئاتلاپ،ھېلىقى ئوقۇتقۇچىنى يەۋەتكۈدەك ئەلپاز بىلەن يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، بۇ بىچارە ئەدەبىياتچىنى ئورىۋېلىشتى، قورساق چىشىنى كولاۋاتاتتى.

ـ ھېچقىسى يوق! سىلەر ئەدەبىياتچىلار جاھاندىن خەۋەرسىز قاپسىلەر. قانچە كۆپ، قانچە تەس ھەزىم بولىدىغان بولىشىدىن قەتئىينەزەر يادىكار چايلىرىنى ئىچسە ھەممە نەرسە سىڭىۋېرىدۇ...، ـ دېدى تەدبىر مىكروفوننى قولىغا ئېلىپ چىرقىراپ تۇرۇپ.

ئەدەبىياتچى تېزلا ئولتۇردى. ئەمما دىكتاتۇرا بىلەن ئىشكەلنىڭ ئاچچىقى تېخى بېسىلمىغان ئىدى. قورساق تېزلا پەتنۇس خانىمغا ئىشارەت قىلدى. پەتنۇس خانىم دىكتاتۇرا بىلەن ئىشكەلنىڭ قېشىغا بىرىپ، بۇ ئىككەيلەننىڭ ئېغىزىغا «ئېمىزگۈ» سالدى، شۇندىلا بۇ ئىككەيلەننىڭ ئاچچىقى سەل بېسىقتى.

قورساق سۆزىنىڭ ئاخىردا: «قېنى تۇرايلى، ھەممەيلەن بىرلىكتە ئوقۇتقۇچىلار مارشىنى ئېيتايلى!» دېدى. ھەممە ئورنىدىن تۇردى:

ھەممەيلەن ئۈنىڭغا ئەگىشىپ مارش توۋلاشقا باشلىدى.

بىز مۇئەللىم مەكتەپتە بوتكا ئاچىمىز،
باللارغا لەڭپۇڭنى زورلاپ ساتىمىز.
بىزنىڭ ماڭغان يولىمىز تاپاۋات يولى،
ئەڭ قەدىرلىك دۇنيادا كۆپ بولسا پۇلى.
پۇل ـ بايلىققا تەلپۈندى يۈرەك قەلبىمىز،
بايلىق بىلەن تىكلىنەر ئىناۋىتىمىز.
مەنبە بولدى سودىغا مەكتەپ باغىمىز،
سودا بىلەن ئېچىلغاي سائادىتىمىز.»①

قورساق باشتا يىغىن زالىدىن چىقتى. پەتنۇس خانىم ھېلىقى ئەدەبىياتچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئەتىدىن قالدۇرماي ئىككى ئېمىزگۈنىڭ پۇلى ۋە تەرتىپ بۇزغانلىق جەرىمانىسىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرىدى، مۇئەللىم خۇشال ھالدا قوبۇل قىلدى، ئۇنىڭ پۈتۈن چېھرىدىن  ياغ تاماتتى.

بۇ شېئىر يالقۇن روزىنىڭ «تەكلىماكاندىكى ئالتۇن كولدۇرما» دېگەن كىتابىنىڭ 152 ـ بېتىدىن ئېلىندى.

نەسر

# مۇھەببەت ئالىمى

ئىلھامجان يۇنۇس (2006)

ماموق كەبى ئاپئاق بۇلۇتلار ئارىسىدىن سىغىرىلىپ چىقىپ، ئاستا ئۆملەپ مېڭىۋاتقان قۇياش ئۆزىدىن چەكسىز يىراقلىقتا سوزۇلۇپ ياتقان زېمىننىڭ كۆنىدە دېگۈدەك ھەرخىل ـ ھەرياڭزا پەردازلىنىپ، ئۆزگىچە گۈزەللىكىنى نامايەن قىلىپ تۇرىدىغان چىرايلىق يۈزلىرىگە تىكىلىپ قارايدۇ. قۇياشنىڭ پۈتكۈل ئەزايىدىن نۇر تۆكۈلۈپ، ئەسلىدىنلا نازاكەتلىك كۆرۈنىدىغان زېمىن يۈزىنىڭ جەزبىدارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. قۇياشنىڭ سېخىيلىق بىلەن چاچقان نۇرلىرىنى زېمىن ئانا باغرىدا ئەللەي ناخشىسى تىڭشاپ ياتقان جانلىقلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ. قۇياش بىلەن زېمىن ئانىنىڭ چەكسىز ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن مەۋجۇداتلارنىڭ كۆڭلى يورۇپ، كۆكسى چوغدەك قىزىرىپ، لاۋۇلداپ ئوتلار كۆيىدۇ؛ تەپتى كۈچلۈك بۇ ئوتلارغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن يۈرەكلەر چىپ ـ چىپ تەرلەيدۇ؛ جانلىقلارنىڭ كۆكرەك قەپىسى بوغۇلۇپ، تىللىرى كېكەچلەپ، كۆزلىرىنى سۈزلەشكە مەجبۇر قىلىدۇ؛ مۇڭلۇق كۆزلەردىن تامچىلىغان بۇلاق سۇلىرى قەلب دەرياسىغا قويۇلۇپ، ھەيۋەتلىك شارقىراپ ئاقىدۇ. زېمىن يۈزىگە يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيۈپمۇ قانمىغان قۇياش پەلەك ئىسترېلكىسىنىڭ چېكىتلىرى ئۈستىدە ئايلىنىپ، كۆزى قىيمىغان ھالدا ئېگىز تاغلار كەينىگە سىلجىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھارارىتى ئوتتەك قىززىق نۇرلاردىن ئايرىلىپ قالغىنىغا خاپا بولۇپ، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىششقا باشلىغان يەر يۈزى يىغلايدۇ. ئۇنىڭ بۇ يىغىسىغا

www.uyghurkitap.com



هاياجانلىق تۈيغۇلارمۇ، ھەسرەت ـ نىدالارمۇ، ئۆكۈنۈش ئەلەملىرىمۇ يۇشۇرۇنغان.

## 2

تاغلار سۆزلىمەكتە.

يىلان باغرى ئېقىۋاتقان دەريالار تاغلارنىڭ يۈرىكىگە قۇلىقىنى يېقىپ، ئۇلارنىڭ ساداسىنى تىڭشىدى. بەردەم يىگىتلەردەك قەددىنى تىك تۇتۇپ، مەردانە تۇرغان ھەيۋەتلىك تاغلارنىڭ يۈرەك تۇشتىدىن پارتلاپ چىققان سادالىرى دەريا ئېقىنلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئېقىپ، گۈل ـ چىمەنلەر بىلەن پۈركىنىپ، نازلىق تەبەسسۇم قىلىۋاتقان چەكسىز داللارنى، كۆك ئاسمان بىلەن بوي تالىشىپ تۇرغان يېشىللىقلارنى قاپلىدى. كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان ئۇچار قاناتلاردىن تارتىپ، يەر يۈزىدە مىدىرلىشىپ يۈرگەن جىمى جانلىقلارغىچە ھەنىۋاسىنىڭ كۆڭۈل ئۆيلىرىنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرى چېكىلدى. پۈتكۈل كائىنات لەرزىگە كېلىپ سىلكىندى. يېڭى بىر مېھمان توختىماي يىغلاپ، يورۇق دۇنيا ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىدى، لېكىن ئۇ دىلى سۇنۇق ھازىدار ئەمەس. شۇ تاپتا پەقەت ۋە پەقەت مۇشۇ يېڭى مېھمانلا قاتتىق ۋارقىراپ يىغلىدى. ھايات ئۆتىڭىنىڭ كونا كارۋانلىرى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە خۇشاللىنىپ، ھاياجانلىق ياشلىرى بىلەن بۇ مېھماننىڭ يۈزىنى يۇيۇپ قويدى. زېمىن كۈلدى، كۆك ئاسمان يۈزى نازاكەتلىك قىزدەك جىلۋە قىلدى. تەبىئەت قوينى شاد ـ خۇراملىققا چۆمدى.

## 3

بەللىرى يادەك ئېگىلگەن، چاچلىرى بۇغدا ئانا چوققىلىرى كەبى بىۋاق ئاقارغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى يىراقلارغا تىكىلمەكتە.

ئاشۇ جۈپ كۆزلەر ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خىرە نۇرلىرى بىلەن قاراڭغۇ ئۆيلەرنى، كەڭ داللارنى ھەتتا پۈتكۈل ئىقلىمنى يورۇتۇشنى ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قوينى كەڭرى جاھاننىڭ ھەربىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە يورۇتالايدۇ. بۇ كۆزلەردە ئىللىق قۇياشنىڭ مەشرىقتىكى خانىسىدىن ئايرىلىپ مەغرىب تامان سەپىرى داۋامىدا سېخىيلىق بىلەن چاچقان نۇرلىرىدەك نۇر يوق، لېكىن، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ نۇرسىز جۈپ كۆزىگە ئەڭ پاك، سەمىمي مۇھەببەت بىلەن ئىنسانىيەت ئالىمىنى ئىللىتالايدىغان، ئاتەشتەك مېھرى بىلەن كۆڭۈللەرگە باھار ئاپتىپىنى چىللاپ كېلەلەيدىغان خاسىيەتلىك نۇر يوشۇرۇنغان. خىزىر سۈپەت شۇ كۆزلەردىن تۆكۈلگەن سۆيگۈ ئۇرۇقلىرى مۇھەببەت ئالىمىدە پورەكلەپ ئېچىلىپ، تەبىئەت قوينىنى كۆركەملەشتۈرۈپ، خۇشبۇي ھىدلارغا تويۇندۇرسا، شىپالىق مەلھەم دورىلىرى بىلەن مۇھەببەتكە تەشنا چاڭقاق يۈرەكلەرنى داۋالايدۇ.

## 4

مۇھەببەت ئاسمىنىدا شېرىن ھېس ـ تۇيغۇلارغا غەرق بولۇپ ئۇچۇۋاتقان خىيال كەپتىرىم قانچە ئۇچۇپمۇ ھارمايتتى. ئۇنىڭ ئويچان كۆزلىرى تەبىئەت ئانىنىڭ خىلمۇ ـ خىل بېزەكلەر بىلەن بېزەلگەن نازاكەت سەرۋىسىنى تويماي تاماشا قىلماقتا. توپىلىق يوللار كۆز ياشلىرىنى ئېرىق قىلىپ ئاقتۇرىدۇ؛ ئون سەككىز ياشلىق قىزدەك پۇرەكلەپ خۇشپۇراق چاچقۇچى گۈل ـ چېچەكلەر يەر يۈزىنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈمۈرۈپ ئالىدۇ؛ ئەمدىلا باش چىقىرىشىپ، تەبىئەت قوينىنى يېشىل بوياقلار بىلەن بويىغان بۇغداي مايسىلىرى تېزراق چوڭ بولۇپ، زېمىن ئانىنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈشنى، ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىشنى ئويلايدۇ؛ دەرەخ يوپۇرماقلىرى شىلدىرلىشىپ ئالاقزادە بولۇشىدۇ؛ كۆك ئاسمان زېمىننىڭ يۈرىكى بىلەن بىرىكىپ، كۆز ياشلىرىنى تۆكۈشكە باشلىدى. تەبىئەت ئانىنىڭ يۈرىكىدىن كۈلكە ساداسى ئاڭلىنىپ، كۆز مۇنچاقلىرى شەبنەمدەك يالتىراپ، قۇياشنى سۆيۈشكە ئىنتىلدى.

خىيال كەپتىرىم توختىماي ئۇچىدۇ ـ يۇ، پاتقاقلىقتا قالغان يۈك ماشىنىسىدەك ئېغىر ھالسىرايدۇ.

## 5

ياشلىق خاتىرىسىنىڭ چىرايلىق خەتلەر بىلەن تولغان ئەبجەش ۋاراقلىرى قاچقۇن كەبى تىز سۈرئەت بىلەن ئۆرۈلمەكتە. مېنىڭ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇم بار. ئەپسۇس، دېرىزەمدىن ئوغرىلىقچە ھۇجرامغا كىرىۋالغان ئاي مېنى كۆزلىرىمنى يۇمۇشقا زورلايدۇ. ئاينىڭ گۈزەل رۇخسارىنى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولۇۋاتقانلار مەندىن قىزغىنىشىدۇ. مەن يىغلايمەن چۈشلىرىمدە، كىرپىكلىرىم يېپىشقان مەھكەم كۆزلىرىمگە. خوراز چىللىسا بىراۋلار كېلىپ، ياشلىق خاتىرىسىگە يازىدۇ خەتلەر. تەپەككۇر كۆزۈم غۇۋالىشىپ، خاتىرىنىڭ ۋاراقلىرى مېنى ئالداپ قېچىپ كېتىدۇ. ئالدىمدا تۇرسا گۈلدەك ئېچىلىپ، غۇنچىدەك كۈلۈپ نازاكەت بىر قىز، مەن كېتەلەيمەن قەيەرگە يولنى بۇراپلا قېچىپ. مەن خۇشال بولىمەن، تەقدىر ساراڭلىق قىلىدۇ؛ تەقدىر بەكمۇ ھەسەتخور، چىدىيالمايدۇ، شوخ كۈلكىلىرىم كەينىگە دەرد ـ ھەسرەتلەرنى پايلاقچى قىلىپ سالىدۇ. يۈرىكىم ياشلىق خاتىرىسىنى قان ـ زەرداپ بىلەن بويايدۇ. يەنە شۇ ھەسەتخور، تەتۈر تەقدىر كېلىپ مېنى بەزلەيدۇ، بىردىنلا كۆڭلۈم يورۇپ قالىدۇ. ياشلىق خاتىرىسىنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن، مۇھىم مەزمۇنلىرىنى مېڭەمگە كۆچۈرۈۋالىمەن. چۈنكى مۇھەببەتلىك يۈرىكىم ياش، تىلىمنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان دىلىممۇ ھەم ياش. كۆڭۈل ئۆيۈمنىڭ ھۇجرىسىدا مېھمان بولۇپ تۇرىدىغان بىرى بار، ئۇمۇ ياش. كىملەردۇر

كېلىپ ياشلىق خاتىرىسىگە چىرايلىق نەقىشلەرنى سىزىدۇ، ھۆسنىخەتلەرنى پۈتۈپ قويىدۇ. مەن شۇلاردىن زوقلىنىمەن ۋە باشقىلارنىڭ ھۇزۇرلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن. ياشلىق خاتىرىسى سۆزلەيدۇ. ئۇ: «مەن چىرايلىق لېكىن بەزىدە سېنىڭ كۆزۈڭگە سىغماي قالىمەن. مەندە شۇنداق پاك، ساداقەتمەن مۇھەببەت گۈللىرى يىلتىز تارتقان، ئەپسۇس، نەپرەتلىك كۆزلەر ماڭا نەشتىرىنى سانچىپ تۇرىدۇ...» دەيدۇ.

## 6

كۆپكۆك ئاسمان بىلەن بىرىكىپ كەتكەن بىپايان دېڭىز ئۈستىدە پاراخوتلار كېتىپ بارىدۇ. پاراخوت ئۈستىدە بار ھەرخىل كىشىلەر. بۇ ئىنسانلارنىڭ بەزىسى دېڭىز ئۈستىدە تۇرغاندا دېڭىزنىڭ گۈزەللىكىدىن ھەقىقىي ھۇزۇرلانغىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشسا، يەنە بەزىلىرى كۆپكۆك ئاسماننىڭ جەزبىدار ھالىتى تېخىمۇ يارقىن جۇلالىنىۋاتقانىدەك سېزىشىدۇ. ئېگىز تاغلارغا چىقىپ قارىغىنىمىزدا، بىز جاھان ئەينىكى بىلەن پۈتكۈل كائىناتنى كۆرەلىگەندەك بولىمىز. كائىنات ئون سەككىز ياشلىق غۇنچە بوي قىزلاردەك جەلپكار كۆرۈنىدۇ بەزىدە، شۇندىمۇ بەزىلەر يىغلايدۇ، زارلايدۇ ھەسرەت شەھرىدە؛ تەبىئەت چىن مۇھەببىتى بىلەن باغاشلاپ سۆيىدۇ ئەسلىدە بىزنى، ئەپسۇس كاج تەقدىر تولا قېرىشىپ مۆكتۈرۈپ قويىدۇ ئادەملەر ئىنتىلگەن ئىزنى؛ لېكىن شۇ ئادەملەر ۋە بارلىق جانلىقلار كۈلۈپ ياشاشقا ھەقلىق. چۈنكى، مېھرى ـ مۇھەببەتلىك كەڭرى دۇنيا بەرگەن بىزگە بۇ شاپائەتنى، زېمىن يۇتۇپ كېتىدۇ ھامىنى ئاچچىق قاباھەتنى؛ بولسا مۇھەببەتلىك يۈرەكلەر، بولسا مېھرلىك قەلبلەر ھەم سەممىي كۆڭۈللەر، بولىدۇ بۇ ئالەم ھەم گۈزەل.

## 7

مۇھەببەتلىك قەلبلەردە يەنە غەزەپ ـ نەپرەتمۇ بولىدۇ. مۇھەببەت بىلەن ئىنسان قەلبى گۈزەل، ەپرەت دىللارنى سۇنۇق قىلىپ ھىجران چۆلىگە چىللىغۇچى ساياق. گۈل ـ چېچەكلەر جېنىدا ەرگىگە قونغان جانلىقنىڭ شېرنە يىغىۋاتقانلىقىنى ياكى قان شورىغۇچ زىيانداش ئىكەنلىكىنى سلەلەيدۇ ـ يۇ، سەن بىر بەردەم يىگىت تۇرۇپ كىمدىن ئاغرىنىشنى بىلەلمەيۋاتىسەن. يۈرىكىڭنى ۇتۇپ باقىن، سەن كېزىپ كەلگەن قۇملۇقلاردىكى توغراقلارغا مۇراجىئەت قىلىپ باقىن. شۇ اقىتتا بەلكىم يېشىلىقىقا پۈركەنگەن باھار پەسلىنىڭ قەدەملىرىدىن قالغان ئىزلارنى تاپالارسەن.
مۇھەببەت-نەپرەتنىڭ نېمىلىكىنى ئۆزۈڭ ئايرىيالماي تۇرۇپ، باشقىلاردىن ئاغرىنىشنى قارا، بىچارە بايقۇش. ىلىڭغا ئېھتىيات قىل، دىللارنى رەنجىتىپ ياخشى نىيەتلەرگە قارا ساناپ يۈرمىسۇن. كۆڭۈل ئۆيۈڭنىڭ نازۇك ەردىلىرى قان رەڭگىگە كىرسە، ساڭا پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەرنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى كېلىۋاتقان بولسا كېرەك.




ئادەتتە تولىمۇ ئاددى گەپلەرنى قىلىپ كۆنۈپ كەتكەنمەن. كۆڭلۈمدە نېمە بولسا، قىلچىمۇ تاللاپ يۈرمەستىن ساڭا ئېيتىۋېرەتتىم. لېكىن سېنىڭ ئالدىڭدا مەن ئەڭ مۇھىمىنى، نەچچە ۋاقىتتىن بىرى ئويلاپ كەلگەن، شۇنداقلا يۈرىكىمدىن دائىما ئۇرغۇپ چىقىپ تۇرىدىغان مۇنداق بىر گەپنى ئېغىزىمدىن چىقارماپتىمەن. مەن دېمەكچى بولغان ئۇ گەپ بولسا ئاغزىمنىڭ ئۇچىدا لېۋىم بىلەن چىشىمنىڭ ئارىلىقىدىلا ماراپ تۇراتتى. سەن بۇنى سەزدىڭمۇ ـ سەزمىدىڭمۇ بىلمەيمەن، ئەمما مەن ساڭا ئېيتمىغانىدىم.

دادا، دادا، دادا ... دېدىم نەچچە رەت، كۈلۈپ تۇرۇپمۇ، يىغلاپمۇ دېدىم. تىلىم چىقىپلا ئانا ...دادا ... دېگەندىن باشلاپ ئاۋازىم يۇقىرىمۇ، تۆۋەنمۇ دېدىم. دادا مەن ساڭا ئوخشايتتىم. ساڭا جىسمىم ئوخشاش بولۇپلا قالماي، روھىمۇ سەندىن ئۈلگە ئالغان ئىدى. لېكىن يەنە ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرىممۇ بار ئىدى. كۆزۈمدە بولسا، سېنىڭ ياشلىق ۋاقتىڭدىكى جەسۇر قىياپىتىڭ، ياشلىق كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭ ئۇرغۇپ، نۇر يېغىپ تۇرغان ھالىتىڭ سۈرەت رامكىسىدىكىدەك ساقلىنىپ تۇرىدۇ. سەن ھازىرمۇ ئاشۇ چاغدىكىدەك شۇنچە روھلۇق تۇرىۋاتىسەن. مەنمۇ ئاشۇ ۋاقىتتىكى يېشىڭغا يېتىشكە ئازلا قالدىم. لېكىن مەن سەندەك روھلۇق ۋە ئۈمىدۋار بولالمىدىم.

راست، سېنىڭ بەستىڭ ئەمدى ئاز ـ ئازدىن ئېگىلىشكە باشلىدى، مەن بولسام بارغانسېرى بوي تارتىپ بارماقتىمەن. خۇددى سەن بېغىمىزدا ئۆستۈرگەن ئالما كۆچىتىدەك سېنىڭ ئەجرىڭ ۋە مېھنىتىڭ بىلەن ساناقسىز قېتىملاپ تۆلەنگەن جاپالىق بەدەللەردە چوڭ بولماقتىمەن. ساڭا ھەر بىر قارىغىنىمدا يۈرىكىم تېپىرلايتتى، سۆزلەيتتى ... مەڭگۈلۈك يۆلىكىم سەن پاسىبانىم دادا! ئېيتاي دېدىم مۇشۇ سۆزۈمنى، لېكىن ساڭا ئېيتمىدىم. سەن مېنىڭ پەخرىم ئىدىڭ. بوي بەستىڭ مەيلى قانچە ئېگىلسۇن، سەن مېنىڭ ئۈلگەم، ئەڭ ئۇلۇغ، قەدىردان كىشىم ئىدىڭ. سېنى ھەرۋاق يۈرىكىمنىڭ قات ـ قېتىدىن ئۇنىسىز ھۆرمەتلەيمەن، تىنىمسىز ھالدا سېنىڭ ئىزىڭدىن ماڭىمەن. بۇ ئۇلۇغۋار يولنى سەن ماڭا باشلاپ بەرگەن. كۆزۈمنىڭ نۇرى، روھىمنىڭ جېنى ئۆزۈڭسەن دادا!

ئانا ... دەپ يىغلايدۇ، دېيىشىدۇ باشقىلار مېنىڭ يىغلىغىنىمنى ئاڭلاپ، خۇي ـ مىجەزىمنى ئېنىقلاشقا ئالدىراپ كەتكەن ھالدا. ئانا ... دەيمەن يەنە قورقۇپ كەتسەم، كۆزلىرىم چوڭ ـ چوڭ ئېچىلىپ، ئەس يادىم شۇ چاغدا دەرھاللا سېنىڭ قېشىڭغا بېرىۋالىدۇ. توغرا، ئەسلى بۇ گەپنى قىزلار ھەممىدىن كۆپ دەيدۇ. بىرەرسى قىزلارغا

www.uyghurkitap.com

ئالدىدىلا: ئانىڭىز بۇ يەردە بولمىسا، ئانىڭىزنى يېنىڭىزغا ئالغاچ كەلگەندەكلا ئانا دەمسىز؟ دېگەندىمۇ ئالدىدىلا سوئال قويۇپ تۇرۇپ . بۇنى ئاڭلاش بىلەنلا قىزلارنىڭ ھېسسىياتىدا بىردەملىك خىجىل بولۇش كۆرۈلگەن بىلەن، قىزلارمۇ ئانا دېيىشنى بۇ ئۆمرىدە ھەرگىز ئېسىدىن چىقىرالمايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئوغۇللارمۇ مۇشۇنداق دېيىشنى ئۇنۇتمايدۇ. ئانا ... دېدىم، ئۆيگە قايتىپ كېلىپلا قارىسام ئۆيدە ھېچ كىشى يوق بولغاچقا سېنى ئىزدەپ. شۇنداق، ئۆيدە سەنمۇ يوق ئىدىڭ، جان ئانا. ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىمدە سېنى ئىزدىدىم. ھېرىپ ـ چارچاپ كەتكەن تېنىمنى ئېغىر قەدەملىرىم بىلەن يۆتكەۋاتقىنىمدا پۇتۇمنىڭ بىرى ئۆيگە قەدەم ئېلىپ، بىرى تالادا قالغىنىدا، تالادا قالغان پۇتۇم ئۆيگە كىرىشكە ئالدىرايتتى، ئۆيگە كىرىپلىۋالسام بەكمۇ يېنىكلەپ قالاتتىم. ئەسلى ئۆينىڭ ئىسسىق مېھرى سېنىڭ ئىللىق باغرىڭدا ئىكەن، سۆيۈملۈك ئانا. سەن بولغاچقىلا بۇ ئۆيمۇ ئۆي بولغانىدى. «ئانا» دېگەن كەلىمىنى سان ـ ساناقسىز قېتىم دېدىم، مۇشۇ كەمگىچە. ھېلىمۇ ـ ھەم شۇنچە سۆيۈنۈپ، دىلىمدا چەكسىز ھۆرمەت بىلەن دېدىم، ھەم مەڭگۈ دەيمەن. ماڭا سىڭدۈرگەن ئەجىر ـ مېھنىتىڭنى قاچانمۇ قايتۇرۇپ بولارمەن، دېدىم ھەر جاپالىرىڭنى كۆرگىنىمدە ئىچىمدە توختىماي شىۋىرلاپ، ئىلتىجايىمدا تەڭرىدىن ساڭا ئامانلىق تىلەپ. ئۇلۇغسەن ئانا، كۆيۈمۈڭنى ماڭا تۇغۇلۇشۇمدىن باشلاپ مېھنەتسىز، بەرىكەتلىك بەرگەن، سېخىي پەرىشتەم ئانا. سەن مېنى يېتىلەپ ماڭدىڭ ھاياتلىق بوستانىدا، سېنى باشلىغايمەن بەختىمنىڭ پاياندازىغا.

پۇت ـ قولى چاققان، مېنى كىچىكلا تۇرۇپ كۆتۈرۈپ باققان، جانجىگەر ئاچام. يەنە قۇلىقى يۇمشاق، گەپ ـ سۆزى چۈچۈك، مېنىڭ كىچىكلىكىمنىڭ ئۆزىدەكلا شوخ ئۇكام.

خۇددى دادامدەكلا ماڭا جېنىنى پىدا قىلغان، ئىنسانى خىسلەتلىرىڭىز بىلەن ھاياتىمغا تەسىر قىلغان تاغا. چىرايىڭىز ئانامدەك، ئۆزىڭىزمۇ ھەم مەندەك بالىلارغا ئانا، پەرزەنت ئۈچۈن جاپا چەككەن ئۇلۇغ ئىنسانلاردىن بىرى سۆيۈملۈك ھامما.

مەن ئۈچۈن باش قاتۇرغان، نەچچە قېتىملاپ ھەم بىھۇدە قاترىغان قەلبىمنىڭ سىردىشى دوست ـ يار، بۇرادەرلەر، مەن خىيال قىلىدىغان، سەۋەبسىز ئاشىق بولغان، ھاياتىمغا يېڭى كۈي قاتقان، تۇرمۇش سەپىرىمدە يولۇققان رەنائى يار ... سىلەرگە ئېيتارغا سۆزۈم بار بۇ كەمگىچە مەن دېمىگەن.

مەن ھازىر بايان قىلايكى، كۆڭلۈمدە باردۇر ئېيتىلمىغان مۇھەببەت. بۇ مۇھەببەتنى ئاتايمەن مېھرىلىك قوينى بىلەن مېنى ئىللىتقان ئۇشبۇ گۈلزارىمغا، چىدام ـ غەيرەتلىك ئۇلۇغۋارلىقى ماڭا ئۈلگە بولغان پاسىبانىمغا، ئاتا ـ ئانامنىڭ قولىغا قول بولغان دىلى كۆيەر جانجىگەرىمگە، بىغۇبار، قەلبى ئويناق، قىلىقى ئوماق شۇ ئەزىزىمگە، جاھاندىكى ياخشىلىقلارنىڭ ساھىبلىرى بولغان بارىغا... قېنىپ يايرىغان مەن بۇ كەمگىچە مېھرىڭگە سېنىڭ، چۈنكى سەن بولغاچقا يېنىمدا ماڭا مەمراھ. مانا ئېيتاي دېگىنىمدە تىلىم يەنە گاچىلىشىۋاتىدۇ. قەلبىمدىكىنى سۆزلەي دېسەم، گۈزەل سۆز ـ جۈملىلەر ئېسىمدىن قېچىۋاتىدۇ... ھازىر شۇنى دەپ تۇرايمەن، بۇ ئېيتالمىغان مۇھەببەتكى چىن دىلىمدىكى يارىمغا، سەۋەبىدۇر ئۇ مۇھەببەتنىڭ ۋاقتى تېخى كەلمەستە تۇرغان. مەيلى ئېيتاي مەيلى ئېيتماي بۇ بىر ئوتكى، يۈرەكىمدە يانغان، زېمىستان قىشتىمۇ پەسلىمەي كۆۋەجەپ يالقۇنلايدىغان، قەلبىمنى ھارارەتكە، نۇرغا چۆمدۈرگەن، يەنە سەن بىلىسەنكى بۇ ئوينى ماڭا ئۆزۈڭ سالغان. ئۇزۇندىن بىرى ئۇشبۇ مۇھەببەتكە مەن تەشنا ھەم قەرزدار بولغان ...

# خەلقئارا ئانا تىل بايرىمى

لتىپ توختى



1999 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت ئورگىنى قارار ماقۇللاپ، ھەريىلى 2 ـ ئاينىڭ21 ـ كۈننى «خەلقئارا ئانا تىل بايرىمى» قىلىپ بېكىتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر قايسى دۆلەتلەر مۇشۇ كۈندە ھەر خىل تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۇيۇشتۇرۇپ كەلمەكتە. مەملىكىتىمىزدىمۇ 2006 ـ يىلىدىن باشلاپ «خەلقئارا ئانا تىل بايرىمى» نى تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈۋاتىدۇ. نېمە ئۈچۈن بۇ كۈن ئانا تىل بايرىمى قىلىپ بېكىتىلدى؟ بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق: 1947 ـ يىل ئەسلىدىكى بىر پۈتۈن ھىندىستان ئىككىگە پارچىلىنىپ، ھىندىستان ۋە پاكىستان دېگەن ئىككى دۆلەت شەكىللەندى. پاكىستان بولسا غەربى پاكىستان ۋە شەرقىي پاكىستاندىن ئىبارەت ئىككى قاناتنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى 1200كىلومېتىر بولۇپ، شەرقىي پاكىستان (بۈگۈنكى باڭلادىش دۆلىتى) دا باڭلا مىللىتى ياشايتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاھالىسى غەربى پاكىستان ئاھالىسىدىن كۆپ ئىدى. ئۆز ۋاقتىدىكى پاكىستان ھۆكۈمەت دائىرىلىرى 1948 ـ يىلى قانداقتۇر بۆلۈنۈپ چىققاندىن كېيىنكى ھۆكۈمەت تىلىنى يالغۇز ئوردۇ تىلى بولسۇن دەپ قارار ماقۇللىدى. بۇ قارار ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئەزەلدىن باڭلا تىلىنى ئانا تىل قىلىپ كەلگەن ھەمدە پاكىستان ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان شەرقىي پاكىستاندىكى باڭلا خەلقى قاتتىق غەزەپلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باڭلا تىلىنى ئوردۇ تىلى بىلەن ئوخشاش ئورۇندىكى ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە 1952 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى بىر قىسىم ئامما داككادا نامايىش قىلىدۇ. نامايىشتا بەشتىن ئارتۇق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋە ئىشچى ھۆكۈمەت ساقچىلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ ھەرىكەت پۈتۈن مەملىكەتلىك ھەرىكەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئاخىرى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئوردۇ تىلى بىلەن باڭلا تىلىنىڭ ھەر ئىككىسىنى ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ جاكارلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ قانلىق ۋەقە باڭلا خەلقىگە پەقەت خەلقنىڭلا خاتانى توغرا قىلالايدىغان ھەقىقىي كۈچ ئىكەنلىكىنى تونۇتقان بولسا، دۇنيا خەلقىگىمۇ 8000 غا يېقىن تىل مەۋجۇت بولغان بۇ يەر شارىدا ئىنسانلار بىر ـ بىرىنىڭ تىل ۋە مەدەنىيەتىنى ھۆرمەتلىمەي تۇرۇپ ھەقىقى ئىناقلىققا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى تونۇتىدۇ. شۇڭا 1999 ـ يىل 30 دىن ئارتۇق دۆلەت بىرلىشىپ 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈننى «خەلقئارا ئانا تىل بايرىمى» قىلىپ بېكىتىش لايىھىسىنى ب د ت غا سۇنىدۇ ھەمدە بۇ لايىھە بارلىق ئەزا دۆلەتلەر تەرىپىدىن ماقۇللىنىدۇ. شۇڭا 2 ـ ئاينىڭ21 ـ كۈنى دۇنيادىكى كۆپ تىللىق، كۆپ مەدەنىيەتلىك ھالەتنى تەبرىكلەيدىغان بايرامغا ئايلانغان. مانا بۇ بۇ بايرامنىڭ كېلىپ چىقىش جەريانى.

**ئاپتور: فاكۇلتېتىمىز مۇدىرى، دوكتور ئاسپىرانتلار يېتەكچىسى**

www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر تىلىنىڭ لاتىنچە ئىپادىلىنىشى

## («ULY» ھەققىدە)

شۆھرەت ئابلا (2005)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە ئەڭ ئاۋۋال ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ئىشلىتىپ كەلگەن يېزىقلار قىسقىچە تونۇشتۇرۇلۇپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لاتىنچە ئىپادىلىنىشى بولغان ULY ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇش ئارقا كۆرۈنىشى، تەرەققىياتى، ئىملا قائىدىسى، كومپيۇتېردا بېسىپ چىقىرىش ئۇسۇلى قاتارلىقلار تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلىدۇ. ھەمدە لاتىن ئېلىپبەسى، خەنزۇ تىلى پىنيىنى، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى ۋە ULY لارنى سېلىشتۇرۇش، تۇرگە ئايرىش، مىسال كەلتۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ULY نى قوللىنىش جەريانىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر ۋە بۇ مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلۈپ ULY دەك يانداش يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇپ بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ۋە ئۇنى توغرا، ئۆز ئىملا قائىدىسى بويىچە قوللىنىشنىڭ بۈگۈنكىدەك ئۇچۇر ۋە تېخنىكا دەۋرىدە تىلىمىزنىڭ IT ساھەسىگە تولۇق ماسلىشالماسلىقتەك بوشلۇقنى تولۇقلاشتا مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدىغانلىقى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

### ULY ھەققىدە

(ULY) ئۈستىدە توختىلىشتىن بۇرۇن ئاۋۋال (UKY) نى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. «UKY ـ ئۇيغۇر كومپيوتېر يېزىقى دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، كومپيوتېر ساھەسىدە ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردە ئۇيغۇر ئەرەپ يېزىقىغا يانداش قىلىپ ئىشلىتىلىدىغان لاتىن ھەرپلىرىدىن تۈزۈلگەن يېزىقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يېزىق 2001 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىبراھىم مۇتىئە، مىرسۇلتان ئوسمان، مۇھاببەت قاسىم، ئىمىن تۇرسۇن، ئابلىز ياقۇپ، خەمىت زاكىر، ئارسلان ئابدۇللا، ھوشۇر ئىسلام، تۇرگۇن ئىبراھىم... قاتارلىق ئالىم، تىلشۇناس، دوكتۇر ۋە پىروففېسورلارنىڭ قاتنىششى بىلەن 5 قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئارقىلىق 2000 ـ يىلىغىچە ئىشلىتىلگەن 15 خىلدىن ئارتۇق لايىھىەنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق 2001 ـ يىلى 3 ـ ئىيۇل كۈنى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن لايىھىەنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋە تىل ـ يېزىق كومىتېتىگە يوللانغان. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق

هۆكۈمىتى سابىق رەئىس ئابلەت ئابدۇرشتىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن شۇ يىلى باھاردا «ئۇيغۇر ئىسىم فامىلىسى ۋە UKY توغرىسىدا مەخسۇس پىكىر ئاڭلاش يىغىنى» چاقىرتىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئۇيغۇر ئىسىم ـ فامىلىلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش، شۇنداقلا UKY نىڭ ئامىۋىي ئاساسىنى پۇختىلاش، ئۇندىن كېيىن شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە قايتا مۇزاكىرە قىلىش قارارىغا كەلگەن.

UKY نىڭ بىرلىككە كېلىشى يۇقىرىدا ساقىت قىلىنغان نۇرغۇن مۇتەخەسسىس ۋە تورداشلارنىڭ ئىلمىي مۇنازىرىلەر ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ئورتاق نەتىجە بولۇپ، ئۇ مەلۇم بىر شەخس ياكى تور بېكەتنىڭ ئىجادىيىتى ئەمەس.

UKY نىڭ ئېلىپبە جەدۋىلى تۆۋەندىكىچە

بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقى ئېلىپبەسى

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| Aa | Bb | Ch ch | Dd | Ee | Éé | Ff | Gg | Gh gh | Hh | Ii | Jj | Kk | Ll | Mm | Nn |
| ئا | ب | چ | د | ئە | ئې | ف | گ | غ | ھ | ئى | ج | ك | ل | م | ن |
| ng | Oo | Öö | Pp | Qq | Rr | Ss | Sh sh | Tt | Uu | Üü | Ww | Xx | Yy | Zz | Jj [zh] |
| ڭ | ئو | ئۆ | پ | ق | ر | س | ش | ت | ئۇ | ئۈ | ۋ | خ | ي | ز | ژ |

ئەسكەرتىش:

1. ئەگەر «é, ö, ü» لارنى كىرگۈزۈشكە ئىمكان بولمىغاندا، UKY بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ماس ھالدا «Oo, Uu, Ee» لارنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

2. [zh] بولسا «ژ» (ژۇرنال) ھەرپىنىڭ ئوقۇلۇشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تولۇقلىما سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ژۇرنال [zhurnal]. »[1]

ULY ـ ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، ئۇ ئەڭ دەسلەپ «ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقى» يەنى (UKY) دەپ ئاتالدى. 2005 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا تورداشلارنىڭ تەكلىپى ۋە قوللىشى بىلەن ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقى (UKY) دېگەن ئاتالغۇنى ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى (ULY) دەپ ئېلىش مۇۋاپىق كۆرۈلگەن. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت (UKY) نىڭ كومپيۇتېر تىلى/ يېزىقى بولغان 0 ۋە 1 لەر بىلەن ئارىلىشىپ كېتىپ كىشىلەردە ئاتالغۇ ياكى ئۇقۇم قالايمىقانچىلىقى پەيدا قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىدى. UKY ۋە ULY لار بىر نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئۇيغۇرچە سۆزلەر ئارىسىدا قىسقارتىلما ئاتالغۇ شەكلىدە ئىشلىتىلگەندە ماس ھالدا «ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقى» ۋە «ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى» دەپ ئوقۇلىدۇ. (يەنى قىسقارتىلغان سۆز «ش ئۇ ئا ر» نى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دەپ ئوقۇغاندەك).

ئالاھىدە ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى (UKY) ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا «ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقى (يەنى ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى (ULY) نى ئىشلىتىش يېزىق ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتى قىلىش بولماستىن بەلكى ئۇيغۇر ئەرەب يېزىقىغا قوشۇمچە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ...» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەم تەكىتلەنگەن.

ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى ULY ئۇيغۇر تىلىنىڭ لاتىن ئېلىپبەسى بىلەن ئىپادىلىنىشى (ئۇيغۇر تىلىنىڭ لاتىنچە ئىپادىلىنىشى) بولۇپ، ئۇنىڭ ھەرپلىرى لاتىن ھەرپلىرىدىن تۈزۈلگەن. لاتىن يېزىقى- (لاتىن يېزىقى، قەدىمكى رىملىقلار ئىشلەتكەن يېزىق) ۋە ئۇنىڭ ھەرپلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە كەڭ مەنىدە لاتىن ھەرپلىرىنى ئىشلىتىلگەن ھەرپلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئىنگلىز تىلى، فىرانسۇز تىلى، ئىسپان تىلى، قاتارلىق تىللارنىڭ ھەرپلىرى. خەنزۇ تىلىنىڭ پىنيىن لايىھىسىمۇ لاتىن ھەرپلىرىنى قوللانغان. تۆۋەندىكىسى لاتىن ھەرپلىرىنىڭ چوڭ، كىچىك يېزىلىشى ۋە ئوقۇلۇشى:

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| Aa | [ei] | Bb | [bi:] | Cc | [si:] | Dd | [di:] |
| Ee | [i:] | Ff | [ef] | Gg | [dʒi:] | Hh | [eitʃ] |
| Ii | [ai] | Jj | [dʒei] | Kk | [kei] | Ll | [el] |
| Mm | [em] | Nn | [en] | Oo | [əu] | Pp | [pi:] |
| Qq | [kju:] | Rr | [ɑ:] | Ss | [es] | Tt | [ti:] |
| Uu | [ju:] | Vv | [vi:] | Ww | ['dʌblju:] | Xx | [eks] |
| Yy | [wai] | Zz | [zi:] | | | | |

سىرىل ھەرپى ۋە ئەرەپ ھەرپىگە ئوخشاش لاتىن يېزىقى سىستېمىسىغا كىرمەيدىغان يېزىقلاردىكى ھەرپ بەلگىلەرنى لاتىنچە ھەرپ بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلەش يالغۇز ئۇيغۇر تىلىدىلا مەۋجۇت ھادىسە بولماستىن بەلكى خېلى كۆپ قىسىم تىللاردىمۇ ئورتاق مەۋجۇت ئەھۋالدۇر. (بىراق ئۇ ھەرگىزمۇ لاتىنچىغا ئۆزگەرتىش، ياكى لاتىنلاشتۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس!)

ياپون تىلىدىكى بوغۇم ۋە ھەرپلەرنى باشقا يېزىقنىڭ ھەرپى بەلگىلىرى بىلەن ئىپادىلەشمۇ لاتىنچە ئىپادىلەشكە كىرىدۇ. لاتىنچە ئىپادىلەش- لاتىن يېزىق سىستېمىسىغا كىرمەيدىغان تىللارنى لاتىن ھەرپلىرى بىلەن ئىپادىلەش بولۇپ، روس تىلى، ياپون تىلى، ئەرەپ تىلى، زاڭزۇ تىلى قاتارلىق تىللارنىڭ بىرلىككە كەلگەن، ئۆلچەملىك لاتىنچە ئىپادىلىنىشى بار. مەسىلەن:

ئەرەپ تىلىنىڭ لاتىنچە ئىپادىلىنىشى:

| ئەرەپ ئېلىپبەسى | لاتىنچە ئىپادىلىنىشى | خەلقئارا ترانسكرىپسىيە |
|---|---|---|
| ء | 2 | [ʔ] |
| ع | 3 | [ʕ] / [ʔˤ] |

| | | |
|---|---|---|
| غ | gh / 3' | [▯] / [▯] |
| ح | 7 | [ħ] |
| خ | 5 / 7' / kh | [x] |
| ص | S / 9 | [sˤ] |
| ض | D / 9' | [dˤ] |
| ط | TH / T / 6 | [tˤ] |
| ظ | Z / TH / 6' | [ðˤ] / [zˤ] |
| ق | q / 8 / 9 / 2 | [q] |
| ا | a | various, including [aː] |
| ب | b | |
| د | d | [d] |
| ذ | z / th | [ð] |
| ف | f / ph | [f] |
| ه | h | [h] |
| ج | g / j | [▯] / [ɡ] |
| ك | k | [k] |
| ل | l | [l], [lˤ] (in *Allah* only) |
| م | m | [m] |
| ن | n | [n] |
| ر | r | [r] |
| س | s | |
| ش | sh | [▯] |
| ت | t | [t] |
| ث | s / th | [θ] |
| و | w | [w] , [uː] |
| ي | i / y | [j] , [iː] |
| ز | z | [z] |

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بىر يېزىقنى لاتىنچە ئىپادىلەشنىڭ سەۋەبى: لاتىن يېزىقى ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىدىلا ئەمەس پۈتۈن دۇنيادا ئەنتايىن كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ دۇنيانىڭ ئاساسلىق يېزىش سىستېمىسى (ئاساسلىق 26 ھەرپ ھەمدە زور بىر تۈركۈم قوشۇمچە بەلگە ۋە ۋارىيانتلار لاتىن ھەرپ بەلگىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.) ۋە «IT ساھەسى»[2] لاتىن ھەرپلىرىنى ئاساس قىلىدىغان بولغاچقا دۇنيانىڭ يېزىق سىستېمىسى ۋە IT ساھەسىدىكى تەرەققىياتقا ماسلىشىش ئۈچۈن لاتىن تىللىرى سىستېمىسىغا كىرمەيدىغان تىللارنى لاتىنچە ئىپادىلەش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغانلىقىدىندۇر.

## ULY نىڭ پەيدا بولۇش ئارقا كۆرۈنىشى ۋە تەرەققىياتى

ئالدىنقى بۆلەكتە سۆزلەپ ئۆتكىنىمدەك دۇنيادىكى كۆپ قىسىم تىللارنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلۇپ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن لاتىنچە ئىپادىلىنىشى بولىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق تىلنىڭ لاتىن ھەرپ بەلگىلىرىنى مەركەز قىلغان بۈگۈنكى دۇنيا يېزىق سىستېمىسىغا ماسلىشىپ كېتەلىشى ناتايىن. شۇڭا ئەنە شۇنداق زۆرۈر تېپىلغان ۋاقىتلاردا شۇ تىلنىڭ لاتىنچە ئىپادىلىنىشىغا مۇراجەت قىلىمىز.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ لاتىنچە ئىپادىلىنىشى (ULY) مۇ دەل شۇنداق مۇھتاجلىق ۋە ئېھتىياج ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ لاتىنچە ئىپادىلىنىشى (ULY) نىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىنى ئاساسلىق 1980 ـ يىللىرى ئىشلىتىلگەن ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدىن، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ مەنبەسىنى 1955 ـ يىللىرىدا قېلىپلاشقان خەنزۇ تىلىنىڭ پىنيىنىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى خەنزۇ تىلىنىڭ پىنيىنى لاتىن ھەرپلىرى ئاساسىدا، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى خەنزۇ تىلىنىڭ پىنيىنى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، كېيىنكى ULY نىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان.

خەنزۇ تىلى پىنيىنى ـ (Chinese phonetic alphabets, Chinese Pinyin) بولسا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەنزۇ تىلى ترانسفېكسىيەسىنى لاتىنلاشتۇرۇش لايىھەسى بويىچە 1955~1957 ـ يىللىرىدىكى يېزىق ئىسلاھاتى مەزگىلىدە جۇڭگو يېزىق ئىسلاھاتى كومىتېتى (ھازىرقى دۆلەتلىك تىل ـ يېزىق ئىشلىرى كومىتېتى) نىڭ خەنزۇ تىلى پىنيىن لايىھىسى كومىتېتى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ بېكىتىلگەن. بۇ پىنيىن لايىھىسى ئاساسلىق ئورتاق خەنزۇ تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ئوقۇلۇشىنى لاتىنچە ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلەش ئارقىلىق تۈزۈلگەن.

«ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ لايىھەسى ۋە قازاق يېڭى يېزىقىنىڭ لايىھەسى (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىق لايىھەلىرىدىكى ھەرپلەرنى ئىشلەشكە دائىر پرىنسىپلار) بويىچە خەنزۇ تىلى پىنيىنىنى ئاساس قىلىپ ئىشلەنگەن بولۇپ، گوۋۇيۈەن 1964 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تەستىقلاپ، 1965 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنغان»[3]. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكىگە ئوخشاش ياكى يېقىن بولغان تاۋۇشلىرى مۇمكىنقەدەر «خەنزۇ تىلى پىنيىن

فائىئەنى» دىكىگە ئوخشاش ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن.

(A a, B b, C c, D d, E e, F f, G g, H h, I i, J j, K k, L l, M m, N n, O o, P p, Q q, R r, S s, T t, U u, V v, W w, X x, Y y, Z z)

يۇقىرىقى ھەرپلەر ئۆز تەرتىپى بويىچە تۆۋەندىكى ئۇيغۇرچە ھەرپلەرگە ۋەكىللىك قىلغان.

(ئا، ب، تس، د، ئې، ق، گ، خ، ئى، ج، ك، ل، م، ن، ئو، پ، چ، ر، س، ت، ئۇ، (ۋە)، ۋ، ش، ي، ز)

ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن تۆۋەندىكى7 ھەرپ كىرگۈزۈلگەن. ئۇلار تەرتىپ بويىچە (سولدىن-ئوڭغا) «غ، ھ، ق، ئە، ئۆ، ئۈ، ژ» لەرنى ئىپادىلەيدۇ.

خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن (sh, ch, zh, c) لار كىرگۈزۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى رەسمىي شەكىللەنگەن.

ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى رەسمىي قوللىنىلىپ 20 يىلدىن كېيىن، ئۇيغۇر كونا يېزىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى تارىختا ئايلانغان. گەرچە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇيغۇر كونا يېزىقى ھۆكۈمەتتە ئىشلىتىلىدىغان رەسمىي يېزىق قىلىپ بەلگىلىنىپ گېزىت-ژۇرنال مەتبۇئاتلاردا ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ لېكىن لاتىن ھەرپ-بەلگىلىرىنى ئاساس قىلىدىغان دۇنيا يېزىق سىستېمىسى ئۇيغۇرلارنى يەنە ئايرىم ساھەلەردە، بولۇپمۇ كومپيوتېر ۋە ئېلېكترون تېخنىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن جايلاردا لاتىن يېزىقىغا مۇراجەت قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. ئەمما ئەمدىلا يېرىم ئەسىردىكى ئىككى قېتىملىق يېزىق ئۆزگەرتىش بوران چاپقۇنلىرىنىڭ زىيىنىنى يەتكىچە تارتقان خەلق ۋە زىيالىيلارنىڭ كاللىسىدا «ئۇيغۇر كونا يېزىقىنىڭ لاتىنچە لايىھىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىش يېزىق ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنغانلىق بولىدۇ.» دەيدىغان بىر تەرەپلىمە ئۇقۇم پەيدا بولۇپ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش دولقۇنى قوزغالغان. شۇنىڭ بىلەن كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۇيغۇر كونا يېزىقىنى لاتىن ھەرپلىرى بىلەن ئىپادىلەشنى قوللىمايدىغان، ھەتتا ئۇنىڭغا جان-جەھلى بىلەن قارشى تۇرىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، ئۇيغۇر كونا يېزىقىنى كومپيۇتېرغا تونۇتۇش دولقۇنى قوزغالغان ۋە ئۇيغۇر كونا يېزىقىنى كومپيۇتېرغا تونۇتۇش جەھەتتە 2000- يىلىغىچە خېلى زور خۇشاللىنارلىق ئۇتۇقلار مەيدانغا كەلگەن. ئەمما ئەپسۇسلىنىشقا تېگىشلىكى لاتىن يېزىقىغا بولغان ئېھتىياج ئىنسانلارنىڭ ئۇچۇر، تور، ئىنتېرنېت دەۋرىگە قەدەم قويۇشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ ئەۋج ئالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر يېزىقىنى لاتىن ھەرپلىرى بىلەن ئىپادىلەش ئېھتىياجى تۇغۇلغان نۇرغۇن كىشىلەر. ئىنگلىز تىلىنىڭ ھەرپلىرى، خەنزۇ تىلىنىڭ ھەرپلىرى، ۋە ئۇيغۇر يېڭى يېزىقلىرىنىڭ ھەرپلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۆز ئالدىغا ئېلىپبە تۈزۈپ ۋە قوللىنىپ ئوخشاش بىر سۆز ياكى جۈملىنىڭ بىر قانچە خىل ئىپادىلەش شەكىللىرى مەيدانغا كەلگەن. ئەمما ھېچقايسىسىدا بىرەر ئېنىق بېكىتىلگەن ئۆلچەم بولمىغاچقا. ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە ئېلىپبە تۈزۈپ ئىشلىتىۋېرىدىغان بولغان. دەل مۇشۇ خىل قالايمىقانچىلىق ۋە «ئۆلچەم-بەلگىلىمە» سىزلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن 2001- يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا نۇرغۇنلىغان

www.uyghurkitap.com

ئالىم، تىلشۇناس، دوكتۇر ۋە پىروففېسورلارنىڭ 5 قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئارقىلىق 2000 ـ يىلىغىچە ئىشلىتىلگەن 15 خىلدىن ئارتۇق لايىھىيەنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق 2001 ـ يىلى 3 ـ ئىيۇل كۈنى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ULY مەيدانغا كەلگەن.

گەرچە ULY قېلىپلىشىپ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ يەنىلا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار ۋە قوللىماسلىقلار داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. تور دۇنياسىدا، ۋە زىيالىيلار ئارىسىدىمۇ ئاز ساندىكى ULY نى تەشۋىق قىلىش ئېقىمى ۋە كۆپ ساندىكى ULY نى تەشۋىق قىلىش يېزىق ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلغانلىق بولىدۇ دەپ قارايدىغان قارشى ئېقىمدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئېقىم مەيدانغا كەلدى. ئەلۋەتتە بۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر كونا يېزىقى ۋە ULY دىن ئىبارەت ئىككىلا خىل شەكىلدە كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان تور بەتلەر، ULY كىرگۈزگۈچ دېگەندەك كىرگۈزگۈچلەر، «ئۇيغۇر ئىدىتقا ئوخشاش يېزىق ئايلاندۇرغۇچ (ئۇيغۇر كونا يېزىقىنى ULY غا، ULY نى ئۇيغۇر كونا يېزىقىغا بىر كونۇپكا بىلەنلا ئايلاندۇرىدىغان يۇمشاق دېتال)لار، يۈلغۇن تور بېكىتىگە ئوخشاش تور يۈزىدە يېزىق ئايلاندۇرۇش ئېلىپ بارالايدىغان تور بېكەتلەر مەيدانغا كەلدى»[4]، ۋە داۋاملىق ئىقتىدارلىرى يېڭىلىنىپ ئىملا تۈزىتىش، باشقا سىستېمىلارنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئوقۇش، ھەتتا ھۆججەتنى HTMLقىلىپ ساقلاش قاتارلىق ئىقتىدارلار قوشۇلۇپ مېڭىلماقتا. بۇلار ULY نىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىجابىي تۆھپىلەرنى قوشتى. شۇڭا مەن بۇ يەردە ئۇيغۇر يېزىق تەرەققىياتى ئۈچۈن قىممەتلىك ۋاقتى ۋە زېھنىنى سەرىپ قىلغان بارلىق تۆھپىكارلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

## ULY نىڭ ئىملا قائىدىلىرى

1. جۈملىنىڭ بىرىنچى سۆزىنىڭ باش ھەرپى چوڭ ھەرپ بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

Men mektepke mangdim.

2. ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىسىملىرى، دۆلەت ناملىرى، مىللەتلەرنىڭ ناملىرى ۋە يەر جاي ئىسىملىرى باش ھەرپ بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

Mehmud Qesqeri,   Uyghur,   Amérika,   Ürümchi

3. خاس ئىسىملارنىڭ باش ھەرپى چوڭ ھەرپ بىلەن يېزىلىدۇ. چەتتىن كىرگەن خاس ئىسىملار ئۇيغۇر تىلىغا بوي سۇندۇرۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

Qesqer,  Yüsüp Xas Hajip,  Nyuyork (New York),  Béyjing (Beijing),   Arman

4. قىسقارتىلغان ئىسىملار چوڭ ھەرپ بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

AQSh,   BDT,   UKY

5. خەلقئارا بىرلىكلەر، قىسقارتىلما سۆزلەر ۋە تاۋار ناملىرى ئۆز پېتى يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

MTV, VCD, DVD, m, cm, volt, Microsoft

6. قىسقارتىلغان سۆزلەرنىڭ ئىچىدە قوشما ھەرپ بولسا شۇ ھەرپىنىڭ بىرىنچى ھەرپى چوڭ يېزىلىپ ئىككىنچى ھەرپى كىچىك يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

AQSh (ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى)

ShUAR (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى)

7. مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ ناملىرىنىڭ باش ھەرپلىرى چوڭ ھەرپ بىلەن يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

Shinjang Uyghur Aptonom Rayoni

8. يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا ئەھۋالدا ھەرپلەر بىردەك كىچىك يېزىلىدۇ.

9. مەلۇم سۆزدە بىر بوغۇم ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشسا شۇ بوغۇمنىڭ ئارقىدىن كەلگەن يەنە بىر بوغۇم سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانسا، بۇ ئىككى بوغۇم ئاپوستروف (') بىلەن ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

sen'et, chet'el, qet'iy, jem'iyet

10. مەلۇم سۆزدە بىر بوغۇم سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشسا شۇ بوغۇمنىڭ ئارقىدىن كەلگەن يەنە بىر بوغۇم سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانسا، بۇ ئىككى بوغۇم ئاپوستروف بىلەن ئايرىلىپ يېزىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇر گىراماتىكىسى بويىچە يەنى ئۇيغۇر تىلىدا ھەر بىر بوغۇمدا بىر سوزۇق تاۋۇش بولىدۇ، ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئارقىمۇ ئارقا كېلىشىنىڭ ئۆزىلا بوغۇم ئايرىشنىڭ بېشارىتىدۇر. مەسىلەن:

maarip, muellim, daire, mueyyen, tebiiy, paaliyet

11. پەرقلەندۈرۈپ ئوقۇشقا ئاسان بولۇش ئۈچۈن s'h, n'gh, n'g, ng'h لار ئارىسىغىمۇ ئاپوستروف قوشۇپ قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

Is'haq, özbékistan'gha, Hin'gan, Cheklen'gen, Gang'girap, Bashlan'ghuch

12. ئەگەر «é, ö, ü» لارنى كىرگۈزۈشكە ئىمكان بولمىغاندا، UKY بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ماس ھالدا «Oo, Uu, Ee» لارنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

Kolchek (Kölchek), Beliq (Béliq), Urumchi (‗rümchi)

ULYنى كومپيۇتېردا بېسىپ چىقىرىش ئۇسۇلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




ULY نى كومپيۇتېردا چىقىرىش ئۈچۈن بىرىنچى قەدەمدە كومپيۇتېرنىڭ (تىل تاللاش كۆزنىكى ـ 语言栏) گە 英语 ـ 国际 ـ (ئىنگلىزچىنى ـ خەلقئارا) دېگەن تىل تۈرىنى قوشىمىز. چۈنكى مۇشۇ خىل تىل تۈرىدە (Öö, Üü, Éé) ھەرپلىرىنى ئاسانلا چىقارغىلى بولىدۇ.

كومپيۇتېرنىڭ تىل تاللاش كۆزنىكىدىن ئىنگلىزتىلي ـ خەلقئارا دېگەن تىل تۈرىنى قوشۇشنىڭ كونكرېت قەدەم باسقۇچلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى قەدەمدە ـ مائۇسنى تىل تاللاش كۆزنىكىگە ئەكىلىپ ئوڭ نۇپكىسنى بېسىپ 设置 نى تاللايمىز. ئېچىلغان 1 ـ كۆزنەكتىن 添加 دېگەن كۇنۇپكىنى باسىمىز. بۇ ۋاقىتتا 2 ـ كۆزنەك ئېچىلىدۇ. 2 ـ كۆزنەكتىكى 输入语言 دېگەن تاللانمىدىن 英语（国际）دېگەن تۈرنى،

键盘布局/输入法 دېگەن تاللانمىدىن 美国英语 ـ 国际 دېگەن تۈرنى تاللاپ 确定 كۇنۇپكىسنى بېسىپ جەزىملەشتۈرىمىز. بۇ ۋاقىتتا 3 ـ كۆزنەك ئېچىلىدۇ. ئەگەر بىز كومپيۇتېرنىڭ تىل تاللاش كۆزنىكى داۋاملىق ھالىتىدە تۇرۇشىنى ئۈچۈن تىل تۈرى دېگەن 英语（国际）دېسەك 选择计算机启动要使用的一个已安装的输入语言 دېگەن تاللانمىدىن 美国英语 ـ 英语（美国）دېگەن تۈرنى تاللاپ كۆزنەكنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى 确定 كۇنۇپكىسنى بېسىپ جەزىملەشتۈرۈۋېتىمىز. ئەگەر پەقەت تىل تۈرىنى قوشۇپلا قويىمەن دېسىڭىز بىۋاستىلا **确 定** كۇنۇپكىسنى بېسىپ جەزىملەشتۈرۈۋەتسىڭىز بولىدۇ.

英语 ـ 国际 تىل تۈرىنى تىل تاللاش كۆزنىكىگە قوشۇشنىڭ رەسىملىك چۈشەندۈرۈلۈشى




ئەمدى بىز قوشقان 英语－国际 ـ (ئىنگلىزچىنى ـ خەلقئارا) دېگەن تىل تۈرىنى تاللاپ قويۇپ خەت يازساق (Öö, Üü, Éé) ھەرپلىرىدىن باشقا بارلىق ھەرپلەرنى بىۋاستە چىقارغىلى بولىدۇ.


(Öö, Üü) لەرنى چىقىرىش ئۈچۈن ئاۋۋال shift كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ Enter كۇنۇپكىسىنىڭ سول بىقىنىدىكى (") كۇنۇپكىسىنى بىر بېسىپ قويۇۋەتكەندىن كېيىن o نى بېسىپ ö نى، u نى بېسىپ ü نى چىقىرىمىز. ئەگەر بۇلارنى چوڭ ھەرپ قىلىپ چىقارماقچى بولساق بىرىنچى خىل ئۇسۇل ـ ئاۋۋال Caps Lock (چوڭ ھەرپتە خەت يېزىش ھالىتى كۇنۇپكىسى) نى بېسىۋەتكەندىن كېيىن يۇقۇرىدىكى ö ، ü لەرنى چىقىرىش ئۇسۇلى بويىچە باسساق، ياكى ئىككىنچى خىل ئۇسۇل ـ ئاۋال يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك ئاۋال shift كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ Enter كۇنۇپكىسىنىڭ سول بىقىنىدىكى (") كۇنۇپكىسىنى بىر بېسىپ قويۇۋەتكەندىن كېيىن يەنە Shift كۇنۇپكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ o ، u لارنى باسساقلا بولىدۇ.

(Éé) ھەرپلىرىنى چىقىرىش (Öö, Üü) لارنى چىقىرىشقا قارىغاندا بىر قەدەر ئوڭاي بولۇپ é نى چىقىرىش ئۈچۈن (") كۇنۇپكىسىنى بىر بېسىۋەتكەندىن كېيىن e نى، É نى چىقىرىش ئۈچۈن (") كۇنۇپكىسىنى بىر بېسىۋەتكەندىن كېيىن Shift نى بېسىپ تۇرۇپ e نى، ياكى Caps Lock نى بېسىپ قويۇپ (چوڭ ھەرپتە خەت يېزىش ھالىتى) گە ئەكىلىپ بىۋاستە e نى باسساقلا بولىدۇ.

ULY دىكى ھەرپلەرنى چىقىرىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكى رەسىمدە تەپسىلي كۆرسىتىلدى:

www.uyghurkitap.com






ياكى تۆۋەندىكى ئۇسۇلدىن پايدىلىنىشقىمۇ بولىدۇ.

Alt + e = é　　Alt + shift + e = É

Alt + p = ö　　Alt + shift + p = Ö

Alt + y = ü　　Alt + shift + y = Ü

ئوڭ تەرەپتىكى Alt كۇنۇپكىسى ئىشلىتىلىدۇ.

يۇقىرىقى قائىدىلەر بويىچە (چىقىرىش تەس بولغان ئۈچ ھەرپ ئېلىنىپ ئۆزگىچە جۈملە تۈزۈلدى.)
دېگەن جۈملە مۇنداق يېزىلىدۇ.

**Chiqirish tes bolghan üch herip élinipözgiche jümle tüzüldi.**

## ULYنى قوللىنىش جەريانىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

ULY قېلىپلاشتۇرۇلۇپ بىرلىككە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن خېلى كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ قوللىشى ۋە ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. نۇرغۇن كىشىلەر ULY نى ئىشلىتىشكە تىگىشلىك ۋە زۆرۈر بولغان جايلاردا ئىشلىتىپ كەلمەكتە. ئەمما كۆز يۇمۇشقا بولمايدىغىنى ULY نى قوللىنىش جەريانىدا يەنە كۆز يۇمۇشقا بولمايدىغان نۇرغۇن مەسىلىلەر ۋە سەۋەنلىكلەر ساقلانماقتا، ھەتتا ھازىرغىچمۇ ئېتىراپ قىلماسلىق ئەھۋاللىرىمۇ خېلى ئومۇمىيۈزلۈك بولماقتا. ئېتىراپ قىلماسلىقنىڭ سەۋەپلىرى تۆۋەندىكىچە

بولۇشى مۇمكىن.

تارىخىي سەۋەپ:

«ULY نىڭ پەيدا بولۇش ئارقا كۆرۈنىشى ۋە تەرەققىياتى» بابىدا سۆزلەنگىنىدەك «ئۇيغۇر تىلىنىڭ لاتىنچە ئىپادىلىنىشىنى كۆتۈرۈپ چىقىرىش يېزىق ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنغانلىق بولىدۇ.» دەيدىغان ئۇقۇم كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا ئورناپ كەتكەچكە. خەلق ئۇنىڭغا ئۇلۇغ كۆزدە قارىمىغان. بۇنىڭغا ياندىشىپ قىلىپ ئۆتۈپ كېتىشكە تېگىشلىكى، ULY ئىسمىنى خاتا چۈشىنىۋېلىش مەسىلىسى بولۇپ (ULY ـ ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى) دېگەن ئىسىم بىر قاراشتىلا ئۇيغۇر يېزىقى لاتىنلاشتۇرۇلىدىكەن دەپ چۈشىنىۋېلىنغان. بۇ نۇرغۇن كىشىلەرگە يېزىق ئۆزگەرتىدىكەن دېگەندەك تۇيۇلۇپ تېخىمۇ ئېتىراپ قىلماسلىق، قوللىماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇلار ULY نىڭ ئېتىراپ قىلىنىشىدا بىرىنچى ۋە ئەڭ چوڭ توسالغۇ بولغان.

تەشۋىقات يېتەرسىز بولغان:

ئەلۋەتتە نەتىجە ئىنتايىن مۇھىم، ئەمما نەتىجىدىنمۇ مۇھىمى نەتىجىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش. ULY نىڭ مەيدانغا كېلىشى گەرچە بىر نەتىجە بولسىمۇ ئەمما ئۇ يېتەرلىك تەشۋىقاتقا تايانمىغانلىقتىن يەنىلا نۇرغۇن كىشىلەر ULY نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلمىگەن، بەزى ئانچە ـ مۇنچە بىلىدىغانلارنىڭ كاللىسىدىمۇ يەنىلا نۇرغۇن ئۇقۇشماسلىقلار ۋە مۇجمەللىكلەر ساقلانغاچقا قايىل بولمىغان.

ULY نى قوللىنىش جەريانىدا ئاساسلىق ۋە كۆپ كۆرۈلىدىغان سەۋەنلىكلەر:

A a, B b, D d, F f, G g, I i, J j, K k, L l, M m, N n, O o, P p, R r, S s, T t, U u, W w, Y y, Z z ئا، ب، د، ف، گ، ئى، ج، ك، ل، م، ن، ئو، پ،ر، س، ت، ئۇ، ۋ، ي، ز قاتارلىق هەرپلەر خەنزۇچە پىنيىندىمۇ، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدىمۇ، ULY دىمۇ ئوخشاش ئىپادىلىنىدىغان هەرپلەر بولۇپ خاتا ئىشلىتىش ئەهۋالى كۆرۈلمىگەن.

نۇرغۇن كىشىلەر ULY توغرىسىدا خېلى كۆپ مەلۇماتقا ئىگە بولغان بولسىمۇ لېكىن يۇقىرىقىلاردىن باشقا بەزى هەرپلەرگە قايىل بولماسلىق، ياكى پىنيىن، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدىكى هەرپلەرگە كۆنۈپ قېلىش سەۋەپلىك ULY غا تازا ئۆگىنەلمەسلىك ئەهۋاللىرى مەۋجۇت بولغان.

خاتالىشىش ئەهۋالى ئاساسەن (ULY ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە) تۆۋەندىكى 13 هەرپتە كۆرۈلگەن.

(Ch ch چ) (E e ئە) (É é ئې) (Gh gh غ) (H h ھ) (ng ڭ) (Ö ö ئۆ) (Q q ق) (Sh sh ش) (Ü ü ئۈ) (X x خ) (V v ۋە)

خاتالىق كۆرۈلۈشتىكى سەۋەپلەر بىرىنچىدىن، گەرچە (Ch ch چ)، (H h ھ)، (Q q ق)، (Sh sh ش) (X x خ) قاتارلىق هەرپلەر خەلقئارادا بىردەك يېنىدا ئەسكەرتىلگەن ئۇيغۇرچىسى بويىچە تەلەپپۇز قىلىنسىمۇ ئەمما يەنىلا كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا خەنزۇچە پىنيىن ئاساسىدا قوبۇل قىلىنغان ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ ئاسارىتى قېلىپ قالغان بولغاچقا ULY هەرپلىرىنى ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەرپلىرى ياكى خەنزۇچە پىنيىننىڭ ھەرپلىرى بويىچە ئىشلىتىۋالدىغان ئەھۋال كۆرۈلگەن.

ئىككىنچىدىن، (Sh sh ،ng ،Gh gh ،Ch ch) قاتارلىق قوشما ھەرپلەردە ئىككى ھەرپ ئارقىلىق بىر ھەرپ ئىپادىلەنگەن بولۇپ قوبۇل قىلىش ئوڭايغا چۈشمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قوشما ھەرپلەر يازما ئوتتۇرلىرىدا كۆرۈلگەندە باشقا ھەرپلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنگەچكە ئوقۇش، يېزىش ئىشلىرى مەلۇم دەرىجىدە قولايسىزلىق ئېلىپ كەلگەن. مەسىلەن: شىشىلىشىپ ـ Shishiliship، باشلانغۇچ ـ Bashlanghuch

ئۈچىنچىدىن، (E e ئە) بىلەن (**É é** ئې)، (**Ö ö** ئۆ) بىلەن (O o ئو)، (**Ü ü** ئۈ) بىلەن (U u ئۇ)، (V v ۋە) بىلەن (W w ۋ) ھەرپلەرنى پەرقلەندۈرەلمەي ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن. مەسىلەن: ئەكرەم (Ekrem) نى ئېكرېم ياكى ئېكرەم دەپ ئوقۇش، ئۈمۈد (**Ümüd**) نى (Vmvd) قىلىپ يېزىۋېلىش. «ۋە» سۆزىنى بەزىدە (ve) بەزىدە (we) يېزىۋېلىش.

تۆتىنچىدىن، (Gh gh غ) ھەرپىنىڭ ئورنىغا (G g) ھەرپىنى ئىشلىتىۋېلىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن. مەسىلەن: «Uyghur» نى Uygur ، «Oyghan» نى Oygan قىلىپ يېزىۋېلىش.

بەشىنچىدىن، (**é, ö, ü**) قاتارلىق ھەرپلەرنى بېسىپ چىقىرىشنى بىلمىگەنلىك سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆزى بىلگەن باشقا ھەرپلەرنى يېزىۋېلىش.

ئالتىنچىدىن، (**é, ö, ü**) ھەرپلىرىنى كىرگۈزۈش ئىمكانىيىتى بار تۇرۇقلۇقمۇ ئۇلارنىڭ ئورنىغا «Oo, Uu, Ee» لارنى ئىشلىتىۋېلىش ئۇقۇم خاتالىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش. مەسىلەن: (**Böl**) «بۆل»نى (Bol) «بول»، (**Ün**) «ئۈن»نى (Un) «ئۇن»، (**Téne**) «تېنە»نى (Tene) «تەنە» قىلىپ يېزىۋېلىش.

## ULY ئىملاسىنىڭ توغرا بولۇشىنى تەكىتلەشنىڭ ئەھمىيىتى

ئۇچۇر ئالاقە ئىنتايىن تېز بولىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىز يانفون قىسقا ئۇچۇرى، MSN, QQ Email دېگەندەك زامانىۋى ئالاقىلىشىش ئۇسكۈنىلىرىدىن ئايرىلالمايمىز. ئەمما يۇقىرىقى ئالاقىلىشىش ۋاستىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى تېخىچە ئەرەپ يېزىقلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر كونا يېزىقىنى تولۇق قوللاش سەۋىيىسىگە يەتمىدى. (يەنى يۇقىرىقى ئورۇنلاردا ئەرەپ ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى تامامەن ئىپادىلەش مۇمكىن بولمىدى). ئەمما ئېھتىياجلىق بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۆزى بىلگەن ئېلىپبە بويىچە ئالاقە قىلماقتا. مەسىلەن: (ياخشىمۇسىز؟ ساق ـ سالامەت تۇرغانسىز؟) دېگەن ئەڭ ئاددىي ھال سوراش جۈملىسىنىڭلا بىرقانچە خىل يېزىلىش ئۇسۇلى مەۋجۇت.

ULY دا يېزىلغىنى:

Yaxshimusiz? Saq ـ salamet turghansiz?

شەخسلەر ئىشلىتىدىغان، كۆپ ئۇچرايدىغان شەكىللەر:

Yakximusiz? Sak_salamat turgansiz?

Yahximusiz? Sak_salamet turghansiz?

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، ئوخشاش بىر جۈملىنىڭ ئوخشىمايدىغان بىر قانچە خىل يېزىلىش ئۇسۇلى بولغاچقا ئۇقۇم ئارىلىشىش قالايمىقانچىلىقى، چۈشىنىش قىيىنچىلىقى تۇغۇلماقتا. شۇڭا زۆرۈرىيەت تۇغۇلغاندا ULY نى توغرا بولغان ئىملا قائىدىسى بويىچە ئىشلىتىش ئىنتايىن مۇھىم.

ULY نىڭ ئىملاسىنى توغرا ئىشلىتىش يەنە تور بېكەت ناملىرى، توردا شەخسىي ئىسىم ـ نام تىزىملىتىش، ماركا تىزىملىتىش قاتارلىق ئىشلاردا ئۇقۇم قالايمىقانلىشىپ كېتىش، ئارىلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. مەسىلەن: مۇنبەردىكى ئىسمىنى Tvmen دەپ يېزىۋالغان بىر توردىشىمىزنىڭ ئىسمىنى «تۇمان» دەپ ئوقۇغانلارمۇ بولدى، «تۈمەن» دەپ ئوقۇغانلارمۇ بولدى، ئېنگلىزچە ئوخشايدۇ دەپ «TVmen» (تېلېۋىزوردىكى TV نى كۆرسىتىدۇ) دەپ ئوقۇغانلارمۇ بولدى. قىسقىسى توردىشىمىز ئۆزىنىڭ ئىسمىنى باشقىلارغا بىلدۈرۈش ئۈچۈنمۇ خېلى جاپا چەكتى. بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار يەنە نۇرغۇن بولۇپ، مىسال ئۈچۈن مۇشۇ بىرنىلا ئالدىم. مەيلى مۇنبەرلەر بولسۇن، ياكى ئېلخەت (Email)، مۇڭداشقۇ (MSN, QQ) لار بولسۇن، ۋە ياكى باشقا تور بېكەتلەرگە تىزىملىتىش بولسۇن، ئىملاسى توغرا بولغان ULYنى ئىشلىتىپ ئىسىم ـ نام تىزىملىتىش ئەڭ ئاقىلانىلىك دەپ ئويلايمەن.

تۆۋەندە بىر قانچە خاتا ئېلىنغان تور بېكەت ۋە ماركا ناملىرى ھەمدە بىرقانچە توغرا ئېلىنغان تور ۋە ماركا ناملىرىنى كۆرۈپ باقايلى.

خاتا ئېلىنغان تور بېكەت ۋە ماركا ناملىرى:

| ئەسلى نامى | هازىرقىسى | توغرىسى | ئەسلى نامى | هازىرقىسى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| شەبنەم | Xabnam | Shebnem | ئىخلاس | Ihlas | Ixlas |
| داڭلىق | Danglik | Dangliq | ئۇچقۇر | Uqkur | Uchqur |
| سەنەم | Sanam | Senem | چىننۇرى | Qinnuri | Chinnuri |
| ئۇلىنىش | Ulinix | Ulinish | قورغان | Korgan | Qorghan |
| ئىزدەش | Izdax | Izdesh | ئەلپاك | Alpak | Elpak |
| ... | ... | ... | ... | ... | ... |

تور بېكەت ناملىرى، كۆپ قىسىم ماركا ۋە شىركەت ناملىرىنىڭ ئۇيغۇرچىدىكى ئەسلى نامى بىلەن لاتىنچىدە ئىپادىلەنگىنى ئوخشىمىغاچقا، ھەرقىسىم ئادەملەرنىڭ كاللىسىدا ھەرخىل ئوقۇلۇپ بىر تەرەپتىن ئۇقۇم قالايمىقانلىشىش، ئارىلىشىپ كېتىش، چۈشىنىلمەسلىك ئەھۋاللىرى كېلىپ چىقسا، يەنە ئەڭ مۇھىمى ئەسلى ئۆلچىمى ۋە قېلىپى، گىراماتىكىلىق قائىدىلىرى ئاللىقاچان بېكىتىلىپ بولغان ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى ULYنىڭ توغرا تەشۋىق قىلىنىشىغا زور توسالغۇلارنى ئېلىپ كەلمەكتە.

توغرا ئېلىنغان تور بەت ناملىرى ۋە ماركىلار:

| تورىبەت نامى | هازىرقىسى | ماركا نامى | هازىقىسى |
|---|---|---|---|

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

| كەنجى سوفت | Kenjisoft | ئارمان | Arman |
| --- | --- | --- | --- |
| بەرقى | Berqi | بۇغدا | Bughda |
| نۇرقۇت | Nurqut | نازىل | Nazil |
| دەۋىر | Devir | قارلۇق | Qarluq |
| ... | ... | ... | ... |

گەرچە ئۇيغۇر كونا يېزىقىنى كومپيۇتېرغا تونۇتۇپ خېلى كۆپ قىسىم جايلاردا قوللىنىۋاتقان بولساقمۇ يەنىلا لاتىن ھەرپلىرىگە قىلچە ئېھتىياجىمىز يوق دېيەلمەيمىز. ھەم بىزمۇ لاتىن ھەرپلىرىنى ھامان مەجبۇرەن بىر يەرلەردە قوللىنىمىز. ئەلۋەتتە، ھامىنى قوللانغانىكەنمىز ھەرپلەرنى ئۆز ئالدىمىزغا قالايمىقان ئىشلەتمەستىن بىكىتىلگەن قېلىپ ۋە ئۆلچەم بويىچە ئىشلەتكىنىمىز ئەڭ ئاقلانىلىكتۇر. مەيلى قايسى خىل يېزىق بولسۇن، قانداق ئۆلچەمدە بىكىتىلگەن بولسۇن تەستىقلىنىپ بىكىتىلگەنىكەن ئۇنىڭ ئىملا قائىدىسىگە بويي سۇنۇش ھەممىمىزنىڭ بۇرچىدۇر.

## خۇلاسە

بۇ تېما مەن يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان ئىزچىل تۇردە دىققەت قىلىپ، قىزىقىپ كېلىۋاتقان تېما بولۇپ، مەن ULYنىڭ گەرچە قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ مەلۇم دەرىجىدە تەشۋىق قىلىنغان بولسىمۇ ئەمما يەنىلا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قوللىنىشىغا ئېرىشەلمىگەنلىكىگە، توردىكى زىيالىي ۋە تور ئاممىسىنىڭ زىددىيەتلىك تالاش-تارتىشلىرىغا، مەن بىلەن بىللە مۇشۇ باش تېمىدىكى مەسىلىلەرگە قىزىققان، كۆڭۈل بۆلگەن، ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە تىرىشقان نۇرغۇن ھەمداشلىرىم بىلەن بىللە شاھىد بولدۇم. ئەمما بىز بۇ مەسىلىنىڭ ۋاقىت ئۆزارغانسىرى ھەل بولۇش تەرىپىگە ئەمەس بەلكى چۈشەنمەسلىك ۋە چۈشىنىشنى خالىماسلىق تەرىپىگە قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭ بىلگەنلىرىمنى ۋە توپلىغان ماتېرىياللىرىمنى يىغىپ ئۆز چۈشەنچىلىرىم ئاساسىدا بۇ ماقالىنى يېزىپ چىقتىم.

مەن بۇ ماقالىنى يېزىش جەريانىدا، تىلغا، يېزىققا، ھەرپكە، ئېلىپبەگە ئائىت بىر قىسىم ماتېرىياللارنى، باشقا تىللارنىمۇ لاتىن ھەرپلىرى بىلەن ئىپادىلەيدىغان ئىپادىلىمەيدىغانلىقى ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى كۆردۇم. ھەمدە لاتىن ئېلىپبەسى، ئورتاق تۈرك ئېلىپبەسى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيەسى، خەنزۇ تىلى پىنيىنى، ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى ئېلىپبەسى، ئىلگىرى ئوتتۇرىغا چىققان بىر قانچە خىل لايىھە، ULY ئېلىپبەسى قاتارلىقلارنى ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ ئۇلار ئارىسىدىكى باغلىنىشنى، ئۇلارنىڭ كونۇپكا تاختىلىرى بىلەن بولغان باغلىنىشىنى، ئورتاق تەرەپلەرنى، پەرقلەرنى تېپىپ چىقىپ ۋە ئۇلار ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ULY دەك بىر ياندىش يېزىققا ھەقىقەتەن مۇھتاج ئىكەنلىكىمىزدەك، زۆرۈر ئەھۋالدا ULYنى توغرا بولغان ئىملا قائىدىسى بويىچە قوللىنىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدەك خۇلاسىگە كەلدىم.

ۋاقتتىنىڭ قىسلىقى ۋە سەۋىيەمنىڭ چەكلىكلىكى سەۋەبىدىن مۇشۇنچىلىكلە يازغان بولدۇم. مېنىڭ بۇ ماقالەم، پەقەت بىر دەسلەپكى ئىزدىنىش بولۇپ، مۇشۇ ساھەدىكى تەتقىقاتلارنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قېلىشىنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

ئىزاھات:

IT ساھەسى: «IT» بولسا ئېنگىلىزچە (Information Technology) دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، ئۇچۇر بىلەن مۇناسىۋەتلىك تېخنىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە ئوخشىمىغان كىتاپلاردا ئوخشىمىغان تەبىرلەر بېرىلگەن بولسىمۇ كۆپچىلىك ئاساسەن IT نىڭ: سېزىش تېخنىكىسى، ئالاقە تېخنىكىسى، كومپيوتېر تېخنىكىسىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىكى تېخنىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىدا بىرلىككە كەلگەن. شۇڭا IT ساھەسىنى ـ ئۇچۇر تېخنىكا ساھەسى دېيىشكە بولىدۇ.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:

ھەجىم چەكلىمىسى سەۋەبىدىن ماقالىنىڭ «كىرىش سۆز، بىز ئىشلەتكەن يېزىقلار، پايدىلانغان ماتېرىياللار ۋە قوشۇمچە ماتېرىياللار» قىسمى قىسقارتىلدى. تەپسىلىي مەزمۇنىنى http://azat.blogbus.com دىن كۆرىۋالغايسىلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# «لىسانۇت تەير» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئەدەبىي قىممىتى ھەققىدە

خۇرشىدە ئابدۇشۈكۈر (2005)

## I نەۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى

ئەلىشىر بەگ ياكى ئەمىر ئەلىشىر(1441ـ1501)ـتەخەللۇسى نەۋائىي(نەۋايى) تەمۇرىيلار زامانىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا تەرەققىي قىلغان(گۈللەنگەن) تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئەدەبىياتى(چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى)نىڭ ئەڭ ئاتاقلىق شەخسلىرىدىن بىرى. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ كلاسسىك چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە يۇقىرى ئورنى بار. دىۋان، تارىخ، مەسنەۋى، تەزكىرە، مۇزىكا، ئارۇزغا ئوخشاش تۈر ۋە تېمىلاردا 30غا يېقىن چوڭ ـ كىچىك ئەسەر يازغانلىقى ئۇنىڭ بۈيۈك ۋە مول ھوسۇللۇق بىر سەنئەتكار ئىكەنلىكىنى، ئۆز دەۋرىدىكى ھەممە ئىلىملەرنىڭ ساھىبى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا مەن ئالدى بىلەن مۇئەللىپىنىڭ ھاياتى پائالىيىتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختالماقچىمەن.

### 1. ئالىمنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ھەققىدە

نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائىي 1441ـيىلى 2ـئاينىڭ 9ـكۈنى(ھىجرىيە 884ـيىل رامىزان ئېيىنىڭ 17ـكۈنى) ھىراتتا تۇغۇلغان. ئەلىشىر ياشلىقىدا زاماندىشى بولغان مىرزا ھەيدەر دوغىلاتىينىڭ ناھايىتى ئېنىق مەلۇماتىغا قارىغاندا، شائىر ئۇيغۇر قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇيغۇر تۈركلىرىدىن بولغان ئاتىسى غىياسىدىن كىچىك باھادىر خۇراسان ھاكىمى ئەبۇلقاسىم بابۇرنىڭ خىزمىتىدە بولغان. ئانا تەرەپتىن بوۋىسى ئەبۇ سەيە جېسەكتە مىرزا بايقارانىڭ بەگلەر بېگى ئىدى. ئاتا جەمەتى باشتىن تارتىپلا تەمۇرىيلار سۇلالىسىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ كەلگەن.

ئەلىشىر 12 ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ۋاپات بولغان بولۇپ، ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ قولىدا قالغان. 16يېشىدا ئوبۇلقاسىم بابۇر مەشھەدكە يۆتكەلگەندە ئەلىشىرمۇ بىللە كەتكەن، ئەل تىنچىغاندىن كېيىن يەنە قايتىپ كەلگەن. سۇلتان ئەبۇ سەئىد پايتەخت ھىراتنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن شاھروخنىڭ ئەربابلىرى ۋە يېقىنلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزلىرىنى ھەرجايغا سۈرگۈن قىلغان. شۇ قاتاردا ئەلىشىرنىڭ ئاتا مۈلكىمۇ مۇسادىرە قىلىنغان ۋە ئۆزى سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچراپ، سەمەرقەندتە ــ «كاشغەرىي»لەردىن ئەھمەد ھاجىبەگ قېشىغا بارغان. شۇنىڭ بىلەن، سەمەرقەند نەۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىدا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان.

1490ـيىلى ئەلىشىر ئوردىدىكى ۋەزىپىسىدىن رەسمىي ئىستىپا بېرىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىلمىي، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى داۋام قىلدۇردى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمگەك سۆيەرلىكى ۋە خەلقپەرۋەرلىكى بىلەن خەلقنىڭ ئىشىنى قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئىنسانىي بۇرچى ھېسابلاپ، خەلق خىزمىتىنى ئەسلا يادىدىن چىقارمىدى.

ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىنى ھىراتتا پەقەتلا ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا

بېغىشلىغان ئۇلۇغ شائىر نەۋائىي 1501 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ھىرات شەھىرىدە ۋاپات بولدى. نەۋائىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مەملىكەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، خەلقنىڭ خاتىرجەم، تىنچ ھايات كەچۈرۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئەلنى گۈللەندۈرۈش يولىدا ھارماي ـ تالماي كۈرەش قىلدى. ئۆزى شەخسەن مەدرىسە ۋە مەكتەپلەر، شىپاخانا ۋە سارايلار، كۆۋرۈك ۋە يوللارنى سالدۇردى. ئۆستەڭلەر قازدۇرۇپ، خەلقنى سۇ بىلەن تەمىنلىدى. شۇڭلاشقىمۇ نەۋائىينىڭ ۋاپاتى كەڭ ھىرات خەلقى ئۈچۈن غايەت زور يوقىتىش ۋە ئىنتايىن چوڭ مۇسىبەت بولغانىدى.

قىسقىسى، نەۋائىي ئوتتۇرا ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر، ئەدەبىياتشۇناس ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتچى ھەم پەن ـ مەدەنىيەت جەڭچىسى. ئۇ يەنە ئۆز سۆيىتىدە تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرى، تارىخى، تۇرمۇشى، ئىددىيىۋى پىكىرلىرى، ئەدەپ ـ ئەخلاق مىزانى، پەلسەپىۋى ۋە دىنىي قاراشلىرى ھەققىدە بىزنىڭ ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرغۇچى مەنىۋى بۇلاق!

## 1. شائىرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت دۇردانىلىرى

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئاساسەن ئۇقۇمۇشلۇق، بىلىملىك كىشىلەردىن بولۇپ، ئاتىسى ۋە تاغىلىرىغىچە شائىر ھەم ئەدەبىياتنى قىزغىن سۆيەتتى. نەۋائىي كىچىكىدىنلا ئەقىللىق، زېرەك بولۇپ، ئۆز قابىلىيىتى بىلەن مەكتەپتىكى بالىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھامان ئۇ چوڭلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. زامانىسىنىڭ ئەڭ بىلىملىك كىشىلىرىنىڭ تەربىيىسى ئارقىسىدا ياش چېغىدىلا ئىلىم ـ مەرىپەتكە بېرىلىپ، نىزامىدىن گەنجىۋى، لۇتفى، سەككاكى، م.خارەزمى، ئابدۇراھمان جامى، فەرىدىددىن ئەتتارى، قاسىم ئەنۋارى قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن داڭلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى يادلىۋالاتتى ۋە كىشىلەرگە ئوقۇپ بېرەتتى. ئەلىشىر قايسى بىر شەھەردە تۇرسۇن، شۇ يەردىكى ئالىم ـ ئۆلىمالارنى تېپىپ، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەت قىلىپ ئۇلارنىڭ بىلىمىنى ئۆگەنگەن. ئۇ زامانداش ئىلىم ئەھلىلىرىدىن ئۆگىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىبلەر ۋە ئالىملاردىنمۇ ئۆگەنگەن.

ئەلىشىر نەۋائىي خىلمۇخىل تۈر ۋە ساھەلەر بويىچە ناھايىتى كۆپ ئەسەر يازغان بولۇپ، «شائىرلارنىڭ كامىل ئۇستازى»، «شېئىرىيەت مەملىكىتىنىڭ شاھى» بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوخشاش بولمىغان تۈر ۋە تېمىلاردا نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەرنى بىزگە مىراس قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ بۇ بىباھا گۆھەرلىرىنى تۆۋەندىكىدەك سەككىز تۈركۈمگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

I دىۋانلار (خەزائىنۇل ـ مەئانى)

1. غەرايىبۇس سىغەر
2. نەۋادىرئۇش شەباب
3. بەدايىئۇل ۋەسەت
4. فەۋائىدۇل كىبار
5. دىۋانى فانى (پارسچە دىۋانى)

II خەمسەسى

6. ھەيرەتۇل ـ ئەبرار

III تەزكىرىلەر

11. مەجالىسۇن نەفائىس
12. نەسائىمۇل مۇھەببە

IV تىل ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرى

13. رىسالەتى مۇئەمما
14. مىزانۇل ئەۋزان
15. مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com

7. پەرھاد ۋە شىرىن
8. لەيلى ۋە مەجنۇن
9. سەبئەئى سەييار
10. سەددى ئىسكەندەرىي
19. لىسانۇت تەير
20. سىراجۇل مۇسلىمىن
21.مەھبۇبۇل قۇلۇب

VI تارىخىي ئەسەرلىرى
22. تارىخىي ئەنبىيا ۋە ھۆكەما
23. تارىخىي مۇلكى ئەجەم
24. زۇبدەتۇت تەۋارىخ

V دىنىي ئەخلاقىي ئەسەرلەر
16. مۇناجات
17. چىھل ھەدىس
18. نەزمۇل جەۋاھىر

VII تەرجىمىھال ئەسەرلىرى
25. ھالاتى سەيد ھەسەن ئەردەشىر
26. خەمسەتۇل ـ مۇتەھەييىرىن
27. ھالاتى پەھلىۋان مۇھەممەد

VIII ۋەسىيقىلەر
28. ۋەقفىيە
29. مۇنشەئات

يۇقارقىلار نەۋائىينىڭ ھازىرغىچە بىزگە يېتىپ كەلگەن مەدەنىيەت دۇردانىلىرى، بۇلار شائىر ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇقۇمۇشلۇق زاتلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈپ ساقلانغان ياكى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى ئاساسىدا قايتىدىن بېسىلغان نۇسخىلىرى بولۇپ، بۇ كۇللىياتلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي، گۈزەل ۋە نۇقسانسىز نۇسخىلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى مۇزىيلاردا ساقلانماقتا. نەۋائىينىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە 500 يىلدىن ئاشتى، بىز ئاشۇ 500 يىللىق ئەدەبىيات تەرەققىيات جەريانىنى گويا قاتارىسىغا كەتكەن تاغ چوققىلىرىغا ئوخشاتساق، نەۋائىي ئىجادىيىتى ئاشۇ تاغ تىزمىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا سۈپىتىدە كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ. گەرچە نەۋائىي ۋاپاتىدىن نەچچە ئەسىرلەر ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۆزىنىڭ بەدىئىي، ئىلمىي، تەربىيىۋى قىممىتىنى يەنىلا يوقاتمىغان.

## II نەۋائىينىڭ «لىسانۇت تەير» ناملىق ئەسىرى ھەققىدە

«لىسانۇت تەير» (قۇشلار تىلى) ئۇلۇغ ئەدىب ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بۈيۈك ئىران شائىرى شەيخ فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت تەير» (قۇشلار نۇتقى) ناملىق ئەسىرىگە تۈركىي تىلدا يېزىلغان نەزىرەسىدۇر. ئۇ مەسەللىك داستان بولۇپ، نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان. داستاندىكى:

« مەنكى خىلۋەت ئىچرە يۇندۇم خامەنى،
نەقش ئەيلەرگە بۇ دىلكەش نەۋائىي....

يىل توققۇز يۈز ئاتمىش ئىردى داغى تۆرت،
كىم ئۇلۇسنىڭ كۆڭلىغە سالدى بۇ ئورت.

.........

دېگەن بېيىتلاردىن نەۋائىينىڭ بۇ ئەسەرنى 1498 ـ 1499 ـ يىللىرى يازغانلىقىنى بىلىمىز. نەۋائىي ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئالىمىدە ئۆزگىچە پەلسەپىۋى ئىدىيە شەكىللەندۇرگەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ دۇنيا قاراشلىرىغا قەدىمكى گرېك پەيلاسوپلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى دانىشمەنلىرى قاتارلىقلارنىڭ مەۋجۇدىيەت، ئىنسانىيەت، بىلىم، ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي

بەخت ـ سائادەت توغرىسىدىكى ئەقلىي ۋە گۇمانىزملىق قاراشلىرى، جاھان مەدەنىيەت غەزنىسىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ئەدىب ۋە مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي پىكىرلىرى تەسىر كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ شەيخ سەئىدى، فەرىدىددىن ئەتتار، ئابدۇرەھمان جامى...قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتكەن تەسەۋۋۇپ ئىددىيىلىرىنىڭ تەسىرى ئالاھىدە زور بولغان.

شائىر بۇ ئەسىرىنى قۇش تىلى ۋاستىسىدە ئۆزىنىڭ دىنىي تەسەۋۋۇپى يۆنىلىشىدىكى كۆپ يىللىق ئىجادىي قاراشلىرىنى مەلۇم سىستېمىغا سېلىش مەقسىتىدە يازغان بولۇپ، بۇ ئەسەر شائىر ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يېزىلغان.

ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا بېرىلگەن «مۇئەللىپنىڭ بەزى ئەھۋاللىرى توغرىسىدىكى ھېكايەت» دېگەن پارچىدىكى مەلۇماتلاردىن بىلەلەيمىزكى، زېرەك ۋە ئەقىللىق ئەلىشىر كىچىك ۋاقتىدىلا (سەككىز ـ توققۇز ياش) مەزگىلىدىن باشلاپلا داڭلىق ئىران شائىرى فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ ئەسىرى «مەنتىقۇت تەير» نى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇشقا كىرىشىپ، ھەتتا ئۇنى پۈتۈنلەي يادلىۋالغان. مۇشۇ كىتابنىڭ سەۋەبىدىن كىشىلەردىن قاچىدىغان، يالغۇزلۇقنى، جىمجىتلىقنى خالايدىغان بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىن ساۋاقداشلىرى قورقۇپ كەتكەن، ئاتا ـ ئانىسى ئەنسىرىگەنلىكتىن كىتابنى يوشۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، كىتابنى يادقا ئېلىۋالغان نەۋائىي ھەممىشە مەخپىي تەكرارلاپ يۈرگەن. نەۋائىي شېئىرىيەتتە داڭق قازىنىپ، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ، شېئىرىيەت ساھەسىدە شۇنچە كۆپ پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، «مەنتىقۇت تەير»نى تەرجىمە ئۇسلۇبى بىلەن يېزىپ چىقىش ئارزۇسىنى ھېچ ۋاقىت ئېسىدىن چىقارمىغان. ھەتتا بۇ كىتابنى يازالماي ئۆلۈپ كەتسەم ئارماندا كېتىمەن دەپ ئويلىغان. نەۋائىي ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىكى ئاشۇ تەسىر ۋە ئارزۇلارنىڭ تۈرتكىسىدە، گەرچە مەزمۇن جەھەتتىن زور پەرقلەنسىمۇ، ئەللىك سەككىز يېشىدا «لىسانۇت تەير» ناملىق بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىققان. نەۋائىينىڭ بۇ ئەسىرى مەيلى مەزمۇن ياكى بەدىئىي ئالاھىدىلىكتە بولسۇن، شەيخ فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ پارس تىلى بىلەن يېزىلغان «مەنتىقۇت تەير»ى بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىرمۇنچە ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولسىمۇ، ئۇ بۇ ئەسەرنى «مەنتىقۇت تەير» نىڭ تەرجىمىسى دەپ ئاتىغان. ئەلىشىر نەۋائىي "تەرجىمە " سۆزىنى قانچە قېتىملاپ تىلغا ئالسىمۇ، بۇ ئەسەرنى ھەرگىزمۇ ئەينەن تەرجىمە قىلمىغان، بەزى پارچىلارنى چىقىرىۋەتكەن، يېڭى قاراشلارنى، ئىددىيىلەرنى قوشقان، ئەسەرنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ئىددىيىسى ۋە ياشىغان دەۋرىنىڭ ئۆچمەس تامغىسى بېسىلغاندۇر.

بۇ ئەسەرنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدىكى كۈتۈپخانا ۋە مۇزېيلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ھەرخىل نۇسخىلىرى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى لېنىنگراد نۇسخىسىدۇر. تۈركىيەدە ئىككى خىل نۇسخىسى ساقلانغان بولۇپ، بۇ نۇسخا كىتابلارنىڭ ھەر ئىككىسى نەۋائىي ئەسەرلىرى توپلىمى «كۇللىيات»ى ئىچىدىن تېپىلغان. بۇلار :

(1). تۈركىيە سۇلايمانىيە كۈتۈپخانىسىدا ساقلانغان A نۇسخا.

(2). توپقاپى سارىيى، رەۋان كۆشكۈ كۈتۈپخانىسىدا ساقلانغان B نۇسخا.

يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان 0098 نۇمۇرلۇق قولىيازما نۇسخىسىمۇ بار. (بۇ ماقالىدە شۇ نۇسخا ئاساس قىلىندى)

## 1. «لىسانۇت تەير» نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

«لىسانۇت تەير» تەسەۋۋۇپچىلىق ئىددىيىسى سىڭگەن ئەسەر. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، نەۋائىي ياشىغان دەۋردە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم ئېقىملىرىدىن بىرى بولغان نەقشىبەندىيە تەرىقىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا راسا گۈللىنىش باسقۇچىدا تۇراتتى. نەۋائىينىڭ ئۇستازى ئابدۇرەھمان جامى (مىلادىيە 1414 ـ 1492) ۋە ئۇنىڭ ئۇستازى سەئىددىدىن قەشقەرى قاتارلىق مۇتەپەككۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەۋج ئالغان نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ ھىراتتىكى مەشھۇر ۋەكىللىرى ئىدى. بولۇپمۇ جامى نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ پىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئىددىيە جەھەتتىن ياش ئەلىشىرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەنىدى. يەنە بىر تەرەپتىن نەۋائىي بالىلىق چاغلىرىدىلا مەشھۇر پارس شائىرى ۋە مۇتەپەككۇر فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. خۇلاسىلىغاندا، نەۋائىي پەلسەپىسىنىڭ يادروسى ئەڭ ئالدى بىلەن ئىسلام تەسەۋۋۇپ ئىددىيىلىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان.

«لىسانۇت تەير» باشتىن ـ ئاخىر كۈچلۈك تەسەۋۋۇپ ئىددىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئەسەر، بۇ ئەسەرنىڭ ئاساسىي سيۇژىت ۋەقەلىكى مۇنداق:

بىر كۈنى گۈلىستان قۇشلىرى، ئورمان ۋە باياۋان ئۇچارلىقلىرى يىغىلدى. ئۇلار مەجلىس ئېچىپ، شۇ ئارقىلىق ئۆز گۇرۇھلىرىنىڭ سۈپەتلىرىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپتۇ. لېكىن پەسلەر ئۇلۇغلارنىڭ، رەزىللەر ئېسىللەرنىڭ، پەزىلەتسىزلەر پەزىلەتلىكلەرنىڭ، نادانلار ئاقىللارنىڭ ئورنىنى ئىگەللىۋېلىشى بىلەن ئەسلىدىكى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن ئولتۇرۇش ياساپ، كۆڭۈل ئېچىپ، بەزمىدىن كېيىن كۆككە پەرۋاز قىلىدىغان گۈزەل ئارزۇلىرى يوققا چىقىپ، مەجلىستە غوۋغا، جېدەل ـ ماجىرا كۆتۈرۈلىدۇ. پۈتۈن مەجلىس ئەھلى ئۆزلىرىنى ئېسىل ساناپ، ھېچقايسىسىنىڭ ئۆزىنى تۆۋەن كۆرگۈسى، قۇللۇق ۋە خىزمەتكارلىققا چۈشۈپ قالغۇسى كەلمەپتۇ. ئۇلار بىر پادىشاھقا، يەنى ئىنسابلىق ھۆكۈمران ۋە ئادىل، ھوشيار خانغا مۇھتاج بوپتۇ. قۇشلار تائىپى دەل مۇشۇنداق ھالەتتە تۇرغاندا، يەنى شەۋكەتلىك بىر پادىشاھنىڭ زۆرۈرىيىتىگە دۇچ كەلگەندە، ھۆپۈپ قۇشلارغا يول كۆرسىتىپ، ئۇلارغا سۇمۇرغ پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىشنى ئېيتىپتۇ. قۇشلار ھۆپۈپتىن پادىشاھنىڭ خىسلەتلىرىنى بايان قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئاپىرىشنى ئۆتۈنىدۇ. ھۆپۈپ قۇشلارغا پادىشاھ «سۇمۇرغ»نىڭ خاسىيەتلىك سۈپىتىنى بايان قىلغاندا، قۇشلارغا مۇنداق دەپتۇ:

«بىزنىڭ شۇنداق بىر پادىشاھىمىز باركى، ئۇ بارلىق شاھلارنىڭ شاھىدۇر. ئۇ بىزنىڭ بارلىق ئەھۋالىمىزدىن خەۋەردار. ئۇنىڭ ئۆزى يەككە ـ يېگانە، ئۇنىڭ شېرىكى يوق. سۈپەتلىرى جاھان ئىچىدە مەشھۇر. بۇ سۈپەتلەر ئۇنىڭ ئىسمىغا باغلانغان، ئۇنىڭدىن ئىجازەت ئالمىغۇچە ھېچكىم بىر تېنىق ئالالمايدۇ.»

ھۆپۈپ مۇنۇلارنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. قۇشلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىشى ئىنتايىن كۈچىيىپ، ئۇنى كۆرۈشكە ئىشتىياق باغلايدۇ. ھۆپۈپ ھەممە قۇشقا بىرمۇ بىر خىتاب قىلىپ، ئۇلارنى پادىشاھنى ئىزدەشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. قۇشلار ھۆپۈپنى ئۆزلىرىگە يول باشلىغۇچى قىلىپ سايلاپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە سۇمۇرغنىڭ دەرگاھىغا يول ئالىدۇ. لېكىن سەپەر ئۇستىدە بۇ سەپەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى، جاپالىقلىقىدىن بەزى قۇشلار سەپەردىن يالتىيىپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھۆپۈپكە ئۆزرە ئېيتىدۇ. قۇشلارنىڭ سەپەرنى تاماملاپ، سۇمۇرغنىڭ دىدارىنى كۆرۈش ئىرادىسى سۇنىدۇ. قۇشلارنىڭ بۇ سەپەرنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا كۆزى يەتمەيدۇ. بۇ

ۋاقتتا ئۇلارنىڭ رەھبىرى بولغان ھۆپۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆزرىسىنى ئاڭلاپ، تەنقىدلەپ، ھەرخىل ھىكايەتلەرنى دەلىل كەلتۈرىدۇ. ئۇندىن كېيىن ھۆپۈپ قۇشلار سورىغان ھەربىر سوئالغا ئۇلارغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن ئەستايىدىل جاۋاب بېرىدۇ. قۇشلارغا بۇ سەپەرنىڭ ناھايىتى ئۇزاق ھەم مۈشكۈل، ئەمما شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى، بۇ يولدا تەلەپ ۋادىسى، ئىشق ۋادىسى، مەرىپەت ۋادىسى، ئىستىغنا (ھاجەتسىزلىك) ۋادىسى، تەۋھىد (يىگانىلىك) ۋادىسى، ھەيرەت (ھەيرانلىق) ۋادىسى ۋە پەقرۇفەنا (پېقىرلىق ۋە يوقلۇق) ۋادىسىدىن ئىبارەت يەتتە ۋادىنىڭ بارلىقىنى، بۇ ۋادىلارنىڭ ھەربىرىدە ھەددۇ ـ ھېسابسىز غەم ـ غۇسسەلەر ۋە خەۋپ ـ خەتەر بارلىقىنى بايان قىلىدۇ. شۇ تەرىقىدە قۇشلار مۇشەققەتلىك سەپەرنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا يۈز تۈمەنمىڭ قۇشلار ئىچىدىن ئوتتۇز نەپەر قۇش مىڭلىغان بالايىئاپەتلەرنى يېڭىپ، ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلگە ھېرىپ ـ چارچاپ، تەنلىرىدە جاندىن ئەسەر قالمىغان ھالدا يېتىپ كېلىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا شائىر ئۆزى ھەققىدىكى نۇرغۇن ھالەتلەردىن شەرھ يېزىش ئارقىلىق تاماملىغان.

## III «لىسانۇت تەير»نىڭ ئەدەبىي قىممىتى

«لىسانۇت تەير» (قۇشلار تىلى) ـ مەسەللىك داستان بولۇپ، نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان. «لىسانۇت تەير» چوڭقۇر بىلىم، پىشقان بەدىئىي سەنئەت، ئاجايىپ يىتۈك تەپەككۇر ۋە ھېكمەت جاۋاھىرلىرى بىلەن تولغان بىر خەزىنە.

«لىسانۇت تەير» پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان، بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ناھايىتى زور بولغان، ئۇيغۇر خەلقى سۆيۈپ ئوقىغان، قۇشلار تىلى ۋاستە قىلىپ يېزىلغان ئەڭ ئاخىرقى بىر داستان بولۇپ قالدى. نەۋائىي پۈتۈن ئىجادىيىتى داۋامىدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىلغار پەلسەپىۋى قاراشلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ يەكۈن چىقىرىش سۈپىتىدە يېزىلغان «لىسانۇت تەير» داستانى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق نەمۇنىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«لىسانۇت تەير» نىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى ۋە كۆرسەتكەن تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولۇپ، ئۇ غايەت زور ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە كەڭ دائىرىلىك ئەدەبىي قىممەتكە ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى قىممىتىنى بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆز بىلەنلا سۆزلەش كۇپايە قىلمايدۇ. ھەرقانداق بىر ئەسەرنىڭ ئەدەبىي قىممىتى ئۇنىڭ تەربىيىۋى قىممىتى، بىلدۈرۈش قىممىتى، ئېستېتىك قىممىتى ۋە مىللىيلىك قىممىتى قاتارلىق تەرەپلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولىدۇ. شۇڭا «لىسانۇت تەير» نىڭ ئەدەبىي قىممىتىنى سۆزلەش ئۈچۈنمۇ ئەسەرنى ھەرقايسى جەھەتتىن تولۇق ۋە ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش، ئەسەرنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى، ئارتۇقچىلىق تەرەپلىرىنى، كىشىلەرگە بەرگەن تەربىيە ۋە تەسىر، ئېستېتىك زوق قاتارلىقلارنى ياخشى ئىگەللەش لازىم. مېنىڭچە، «لىسانۇت تەير» نىڭ ئەدەبىي قىممىتى تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ دەپ قارايمەن:

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تەربىيىۋى قىممىتى كۆپ تەرەپلىملىك بولۇپ، يازغۇچى بۇ ئارقىلىق كىتابخانلارغا تۇرمۇش كارتىنىسىنى كۆرسىتىپ ئۇلارغا نېمىنىڭ راستلىقى، نېمىنىڭ گۈزەل، نېمىنىڭ رەزىللىكىنى، نېمىگە قارشى تۇرۇش، نېمىنى مەدھىيىلەش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كىشىلەرنى تېخىمۇ بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇشنى ئۆزىگە مەقسەت قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ھەممىمىزگە مەلۇم، «لىسانۇت تەير» ئەسەر سيۇژىتى قۇشلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا يېزىلغان پەلسەپۋى داستان بولۇپ، شائىر ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپ قاراشلىرىنى، پەلسەپۋى ئىددىيىلىرىنى فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت تەير» غا ئوخشاش قۇش تىلى ۋاستىسىدە ۋاستىلىك ئىپادىلەپ، ئۆزگىچە يېڭى بىر خىل ئۇسلۇب ۋە ئەدەبىي ئېقىم شەكىللەندۈرگەن.

مېنىڭچە «لىسانۇت تەير» نىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تەربىيۋى قىممىتى جەھەتتە ئىپادىلەنگەن بولۇپ، نەۋائىدىن ئىلگىرى ۋە شۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىرمۇنچە كىشلەردە يەنى فەرىدىددىن ئەتتار، ئابدۇرەھمان جامى قاتارلىقلاردا تەسەۋۋۇپچىلىق ئىددىيۋى ئېقىمى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىدى. خۇددى نەۋائىي كىچىك ۋاقتىدا «مەنتىقۇت تەير»نى ئوقۇپ كىشلەردىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىپ غەلىتە بولۇپ قالغىنىغا ئوخشاش، سوپىلارنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتى بويىچە ئىنسان «ئىلاھ»تىن باشقىغا ئىشق ـ مۇھەببەت باغلىمايدۇ. ئۇلارچە ئىنسان بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، پەقەت ئۆزىنى ياراتقان، «تەجەللى» قىلغان «ئاللا» نىڭ ۋىسالىغا ئېرىشىش كېرەك. بۇنىڭ بىردىن ـ بىر يولى بۇ دۇنيادىن ۋاز كېچىپ، زاھىد ـ تەركىيدۇنيالىق يولىنى تۇتۇشتۇر. ئەمما نەۋائىي «لىسانۇت تەير» دە ئاللا، پەيغەمبەر، چاھارىيالارغا ھەمدۇ ـ سانا (مەدھىيە) ئوقۇسىمۇ، شۇنداقلا ئەسىرىنى ئەتتارنى سېغىنىپ يېزىش بىلەن بىرگە تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان ئەتتار ۋە ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىغا مەدھىيە ئوقۇسىمۇ، ئەمما داستان سۇژىتىدىكى بەزى ۋەقە ھەم «ھېكايەت» لىرىدە قاتمال ۋە بۇرمىلانغان تەسەۋۋۇپ ئىددىيىلىرىدىن چەتنەپ باشقىچە ئىددىيىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شائىر ئۆز ئەسەرلىرىدە جۈملىدىن «لىسانۇت تەير» دە «تەڭرى ـ تەبىئەت ـ ئىنسان» مەسىلىسىگە ياندىشقان ھالدا «تەڭرى ـ دىنىي كەسپدارلار (سوپىلار) ـ ئىنسان» مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئىنسانىيەتنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان ئىجتىمائىي قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى. مىسال ئالساق، قۇشلار جامائەسى ھۆپۈپتىن سۇمۇرغ ئەپسانىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تەشۋىشكە چۈشۈشكە باشلاپ بىرمۇ ـ بىر ئۆزرە ئېيتىپ قىيقالماقچى بولىدۇ. لېكىن ھۆپۈپ نۇرغۇن ھېكايەتلەرنى سۆزلەش ئارقىلىق ئۇلارغا نۇرغۇن ھەقىقەتنى سۆزلەيدۇ. قۇشلار ئۆزلىرىنىڭ سۇمۇرغ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە سوئال سورىغاندا، ھۆپۈپ سۇمۇرغ ۋۇجۇدى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

ھۆپۈپ قۇشلارغا يېتەرلىك ۋە پايدىلىق جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

ـ ئۇ شاھىنشاھى ئالىيجاناب ئەسلىدە بىر مەخپىي خەزىنە ئىدى. ئۇنىڭ يوشۇرۇن ۋۇجۇدىنىڭ ھۆسنىگە جاھاننى يورۇتقۇچى قۇياش ئەينەك بوپتۇ. «مەن يوشۇرۇن خەزىنە ئىدىم» دېگەن ئىبارە شۇنىڭدىن  بىشارەتتۇر. ئۇ پادىشاھ ئۆزىنى ئاشكارىلاش نىيىتىدە جىلۋىلەندى. بۇ جىلۋىلىنىشتىن ئۇنىڭ قۇياشتەك يۈز تۈمەنمىڭ سايىلىرى ئاشكارا بولدى. قايسى سايە پاكلىق بىلەن جىلۋىگەر بولسا، ئۇ پادىشاھ ئۇنىڭغا قۇدرەت كۆزى بىلەن نەزەر سالدى. شۇنى بىلگىنكى، بارچە ئالەم قۇشلىرى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ سايىسىدۇر. دېمەك، سىلەردەك قۇشلارنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ ئاپىرىدە بولغانلىقى سۇمۇرغ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭلارنىڭ ئاشكارا بولغانلىقىدۇر........

سۇمۇرغ ئۆزىنى يوشۇرۇش ئىستىگەن بولسا، ئۇنىڭ سايىسى ھەرگىز ئاشكارا بولمىغان بولاتتى. سايىنىڭ پەيدا بولغانلىقى سايە سالغۇچىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە كۆچلۈك پاكىتتۇر.....

ئەي كامالەت ئىگىلىرى، ئۇ ئەينەك باشقا نەرسە ئەمەس، پاك كۆڭۈلدۇر. ئۇ بۈيۈك پادىشاھ ھەمىشە ئاشۇ ئەينەكتە نامايەن بولىدۇ. ئۇ ھەقىقىي پادىشاھ ئۆز ھۆسنىنى ئاشكارا قىلغاندا، سەن ئۆز كۆڭلۈڭ

بىلەن ئۇنىڭغا ئەينەك تۇتقۇچى بولسەن.

دېمەك، نەۋائىي ئۆزىدىن ئىلگىرىكى تەسەۋۋۇپچىلارغا ئوخشاشلا ئاللانى ئالەمدىكى يەككە ـ يىگانە بارلىق دەپ قارايتتى. ئۇنىڭچە ئاللا بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ياراتقۇچىسى، ئىگىسى ھەم ئەسلى زاتى ئىدى. شۇڭا ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇدات ئاللا تەرىپىدىن يارىتىلىپ، ئاخىرقى ھېسابتا يەنە ئاللاغا قايتاتتى. كائىناتتىكى باشقا شەيئىلەر ئاللا سۈپەتلىرىنىڭ تارقاق ياكى قىسمەن ھالدىكى پارلاپ كۆرۈنۈشى بولۇپ، پەقەت ئىنسانلا ئاللا سۈپەتلىرىنىڭ تولۇق ۋە پۈتۈن ھالەتتىكى پارلاپ كۆرۈنۈشى بولالايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللانى تونۇش ۋە بىلىش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنسان ئۆزىنى تونۇشى ۋە بايقىشى زۆرۈر دەپ قارايتتى.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نەۋائىينىڭ تەسەۋۋۇپ قارىشىدا ئىنساننىڭ شۇ قەدەر ئۇلۇغلىنىشى دەل ئىنسان قەلبىنىڭ ئاللا سىرلىرىنىڭ ماكانى بولغانلىقىدا ئىدى. شۇڭا ئىنسان ھەق(ئاللا)نى سىرتقى دۇنيادىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىن ئىزدىشى كېرەك ئىدى. نەۋائىينىڭ قارىشىچە، ئىنسان ئاللا ياراتقان جىمى مەخلۇقات ئىچىدىكى ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ ئۇلۇغ ئىجادىيەت ئىدى. شۇڭا ئاللا ئىنساننى ياراتقاندا بارلىق مالائىكە ـ پەرىشتىلەرنىمۇ ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرىغانىدى. ئۇ يەنە ئىنساننىڭ ئىنسانىي كامىللىقى ئۇنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك دەرىجىدە بىلىشى ۋە تونۇشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ، شۇڭا ئىنسان ئۆزىنى سۆيۈشى، قەدىرلىشى لازىم. چۈنكى ئۆزىنى سۆيۈش ئۆز مەنىسىدە ئاللانى سۆيۈش بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

بۇنىدىن باشقا نەۋائىي بۇ داستاندا مەجازىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، سىمۋوللۇق ئۇسۇلنى قوللىنىپ، «سۇمۇرغ»، «ھۇدھۇد» (ھۆپۈپ) ۋە «قۇشلار» دىن ئىبارەت ئۈچ خىل تىپتىكى پېرسوناژلارنى «تەڭرى»، «سوپى» ۋە «ئىنسانىيەت» كە ۋەكىل قىلىپ، تەڭرى بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە ئۆزى بىلەن تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ پىكرىگە زىت بولغان پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. تەسەۋۋۇپچىلار خۇددى ھۇدھۇد ئېيتقىنىدەك ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىپ، ئىشقا يېتىش ئۈچۈن تەركىيدۇنياچىلىق يولىغا مېڭىش، مۇھەببەتنى ھەم تەرك ئېتىپ، «مەن» لىك ئىددىيىسىدىن قۇتۇلغاندىلا ئاندىن «فەنا» لىققا يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى تەرغىب قىلىدۇ. مىسالغا ئالساق، داستاندا «ھۆپۈپنىڭ قۇشلارغا كۆڭۈل بېرىپ، ئۇلارنى ۋىسال يولىغا قىزىقتۇرغانلىقى» دېگەن پارچىدا ھۆپۈپ قۇشلارغا مۇنداق دەيدۇ:

«ھەممىڭلار ئۇ پادىشاھنىڭ يولىغا قەدەم قويىدۇڭلار ۋە بۇ يولدا بىر ـ بىرىڭلارغا ھەمدەم بولدۇڭلار، ئۇ پادىشاھنى ئۇلۇغلاش ۋە تەربىيىلەش سىلەرنىڭ بارلىق ئاۋازىڭلارنىڭ مەزمۇنىدۇر. شۇڭا يەيدىغان ـ ئىچىدىغىنىڭلارمۇ ئاشۇ پادىشاھنىڭ زىكرى ۋە يادى بولغاي، ئۇنىڭ زىكرى ۋە پىكرىدىن باشقا تىن تارتمىغايسىزلەر. مۇبادا بىر ئەخمەق ئاتىكاچى كېلىپ، سىلەرنى ئۈركۈتۈپ، كۆزۈڭلەردىن ئەقىل شېمىنىڭ نۇرىنى يوشۇرۇپ، ئاراڭلارغا ئىختىلاپ ۋە توپىلاڭ سالسا، ھەربىرىڭلارنى ئاۋارە ۋە پاراكەندە قىلسا، ئۇنداقتا ھەرگىزمۇ ئۇ ئالىي گۈلشەن تەرەپكە يول تاپالمايمىز.»

بۇنىڭدىن باشقا قۇشلار يول جاپاسىدىن ئۆزرە ئېيتىپ سەپەرگە چىقماسلىقنى ئېيتقاندا، ھۆپۈپنىڭ ئۇلارنى تىللاپ ئىشق، تەركىيدۇنياچىلىق يولىغا دەۋەت قىلغانلىقى ۋە مىسال كەلتۈرۈلگەن بەزى ھېكايەتلىرى قاتمال ۋە بۇرمىلانغان تەسەۋۋۇپ ئىددىيىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەمما، نەۋائىي: تەڭرى ئالەمنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئۇ پۈتۈن كائىناتقا مۇجەسسەملەشكەن، ھەممە نەرسىدە ئىپادىلەنگەن

www.uyghurkitap.com

جەۋھەر شۇ سەۋەبلىك (قاتمال ۋە بۇرمىلانغان) تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ كەيىنگە كىرىپ، رېئال دۇنيادىن ۋاز كېچىپ، تەڭرىنى ئىزدىمەكلىك بىھاجەت ھەم بىمەنىلىك دەپ قارىغان. بۇ ئارقىلىق قۇشلارنىڭ تەركىيدۇنياچىلىق يولىغا مىڭىشقا، ھاياتىدىن ۋاز كېچىپ،«سۇمۇرغ » نى ئىزدەش يولىدا نابۇت بولۇشۇپ ئاز قالغاندا «ھۇدھۇد» قا بىلدۈرگەن نارازىلىقىنى قوللايدۇ. شائىر بۇنى داستاندىكى سۇمۇرغ ۋۇجۇدى ھەققىدىكى مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەت «ئۆز ھۆسنىنى ئاشكارا قىلىش ئۈچۈن ئەينەكنى ۋاستە قىلغان پادىشاھنىڭ ھېكايىسى» دە ئېنىق ئىپادىلەيدۇ. يەنى:

«ئەي مەسلەك ئىگىسى، سەنمۇ كۆڭلۈڭنى ئاشۇ ئەينەك دەپ خىيال قىلغىن. ئۇ مۇتلەق پادىشاھ ئۆز جامالىنىڭ ئەكسىنى سېنىڭ ئاشۇ كۆڭۈل ئەينىكىڭگە سالىدۇ. تېنىڭ قەسرىڭدە كۆڭلۈڭنى ئەينەك دەپ بىلگىن. شاھ ھۆسنىگە ئاشۇ ئەينەكتىن نەزەر سالغىن، سەن ئالدى بىلەن ئۇ ئەينەكنى تازىلاپ، نۇرلاندۇرمىساڭ، شاھ ئۆز ئەكسىنى ئۇ يەرگە سالمايدۇ. كۆڭلۈڭنى پاك تۇتقىن، ئاندىن ئۇ پادىشاھنىڭ گۈزەل ھۆسن ـ جامالىنىڭ ئەكسى كۆڭۈل ئەينىكىڭدە دائىم جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ.»

نەۋائىي يۇقارقىغا ئوخشاش نۇرغۇن ھېكايەتلەر ئارقىلىق سوپىلارنىڭ يالغان تەقۋادارلىق بىلەن زاھىدلىق، تەركىيدۇنياچىلىقنى تەشەببۇس قىلىپ تەسەۋۋۇپنى دەستەك قىلىش ئارقىلىق ئالدامچىلىق قىلىشىغا قارشى تۇرغان. قۇشلارنى ئەركىن ھايات كەچۈرۈشكە، ھاياتنى قەدىرلەشكە تەۋسىيە قىلغان.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا داستاننىڭ تەربىيىۋى قىممىتى نەۋائىينىڭ ئۆزىگە خاس خەلقچىللىق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئىددىيىسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقاندىن باشقا يەنە ئۇنىڭ بىلىم، ئىرادە، ئەركىنلىك، ئەخلاق، ئىتتىپاقلىق، گۈزەللىك، ئىلىم ـ پەن قاتارلىق مەسلىلەر توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇلارنى داستاندىكى ھۆپۈپنىڭ قۇشلارنى رېغبەتلەندۈرۈپ ئېيتقان ھەربىر ئېغىز گەپ ـ سۆزلىرى، قۇشلارنىڭ ئۆزرە ئېيتقاندا دېگەن سۆزلىرى ۋە بۇنىڭغا دەلىل كەلتۈرۈلگەن ھېكايەتلەر، ئاخىرىدا قۇشلارنىڭ ھۆپۈپتىن بىرمۇبىر سورىغان سوئاللىرى ۋە ئۇنىڭغا كەلتۈرۈلگەن مىساللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، «لىسانۇت تەير»نىڭ ئەدەبىي قىممىتى يەنە ئۇنىڭ بىلدۈرۈش قىممىتىنىڭ يۇقىرى بولغانلىقىدا دەپ قارايمەن.

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ بىلدۈرۈش قىممىتى كۆپ تەرەپلىملىك بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ تۈرلۈك دەۋر، تۈرلۈك جەمئىيەت، تۈرلۈك مىللەتلەرنىڭ تارىخىنى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى بىلىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

نەۋائىينىڭ «لىسانۇت تەير» داستانى مەيلى مەزمۇن ياكى بەدىئىي ئالاھىدىلىك جەھەتتە بولسۇن، شەيخ فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ پارس تىلىدا يېزىلغان «مەنتىقۇت تەير» نىگە قارىغاندا بىرمۇنچە ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ، ئۇ بۇ ئەسىرىنى «مەنتىقۇت تەير» نىڭ تەرجىمىسى دەپ ئاتىغان. لېكىن باشقا مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، نەۋائىي بۇ داستاننى ئەتتار داستانىنىڭ ئاساسىي لىنىيىسىنى ساقلىغان ھالدا، يېڭى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يازغان بولۇپ، داستاندا مىسال كەلتۈرۈلگەن كۆپ ساندىكى ھېكايىلەرنى ئۇ خەلق رىۋايەتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىجاد قىلغان. ئاتاقلىق شەرقشۇناس ئالىم يى.ئې.بېرتىلس 1927 ـ يىلى يازغان «نەۋائىي ۋە ئەتتار» دېگەن ماقالىسىدە، بۇ ئىككى ئەسەر ئۈستىدە مەخسۇس سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، «لىسانۇت تەير» نىڭ ئورىگىنال ئەسەر ئىكەنلىكىنى مىساللار بىلەن دەلىللەپ كۆرسەتكەن. دېمەك بۇ داستان فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت تەير» نىڭ تەرجىمىسى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا يېزىلغان

نەزىرەدۇر.

ئالدى بىلەن بىز بۇ ئەسەر ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مۇھىتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىن، ئەينى دەۋردىكى پەلسەپىۋى ئىددىيىلەردىن خەۋەردار بولالايمىز. نەۋائىي تەسەۋۋۇپنى خالىسلىق، پاكلىق، سادىقلىق تەلىمى دەپ چۈشەنگەن، سوپى ـ ئىشانلارنىڭ يالغان تەقۋادارلىق قىلىشلىرىغا، بىمەنىلىكلىرىگە تاقەت قىلالمىغان. قۇشلارنىڭ «ھۆپۈپ» كە بولغان نارازىلىقىنى قوللىغان، ھۆپۈپنىڭ قۇشلارنى تەركىيدۇنياچىلىققا تەرغىب قىلىدىغانلىقىنى تەنقىد قىلغان. ئۇ بۇ قاراشلىرى بىلەن تەركىيدۇنياچىلىق، زاھىدلىقنى تەرغىب قىلىدىغان تەسەۋۋۇپچىلاردىن پەرقلىنەتتى. بۇ خىل كۆز قاراشلار «لىسانۇت تەير»دە «تەگرى»، «سوپى» ۋە «ئىنسانىيەت»كە «سۇمۇرغ»، «ھۇدھۇد» ۋە «قۇشلار»نى سىمۋول قىلىپ، ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرى ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈلگەن. بۇندىن باشقا، داستاندا تەسەۋۋۇپتىكى قەلبنى پاكلاش جەريانىنىڭ يەتتە مۇقامى (تەلەپ، ئىشق، مەرىپەت، ئىستىغنا، تەۋھىد،ھەيرەت، فەقرۇفەنا) ناھايىتى چوڭقۇر مەنىلىك ھېكايىلەر بىلەن تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلگەن.

«لىسانۇت تەير» داستانىدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغانغا ئوخشاش تەسەۋۋۇپ ئىددىيىسى توغرىسىدا بىرمۇنچە بىلىمگە ئىگە بولغاندىن باشقا، ئەينى ۋاقىتتىكى باشقا شائىرلارمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئاساسىي ئورۇندا قويۇپ كېلىۋاتقان مەرىپەتلىك، ئادىل شاھ باشچىلىق قىلغان غايىۋى دۆلەت قۇرۇش ئىددىيىسى ھەم ئىپادىلەنگەن. ھەممىمىزگە مەلۇم، نەۋائىي تېمۇرىيلەر سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ياشىدى، مەكتەپداش دوستى ھۈسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتىنىڭ مۇھىم ئىشلىرىغا ئارىلاشتى. شاھزادە، تەخت ۋارىسلىرى ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ تەخت تالىشىش جەڭلىرى، قىرغىنچىلىقى ۋە بۇ ئۇرۇشلارنىڭ خەلققە ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. نەۋائىي مەيلى ھىرات، سەمەرقەند ياكى تەفت شەھىرىدە بولسۇن، نۇرغۇن رىيازەتلەرنى چەكتى. بۇنداق ئادالەتسىزلىك، ناھەقچىلىك، قالايمىقانچىلىقلارنى كۆرگەن نەۋائىي ئادىل، مەرىپەتپەرۋەر شاھنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەت تۇرغۇزۇپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشىنى، ئەل ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىق، مالىمانچىلىقنى تۈگىتىپ، ئەدلى ـ ئادالەت، بىرلىك، ئەركىنلىك بولغان قۇدرەتلىك بىر دۆلەت قۇرۇشنى ئۈمىد قىلدى. نەۋائىي ئۆزىنىڭ بۇ ئارزۇسىنى «لىسانۇت تەير»دە قۇشلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. مىسال ئالساق، داستاندىكى «قۇشلار جامائەسىنىڭ جەم بولۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىنلىك مەرتىۋىسى ئۈچۈن بىر ـ بىرى بىلەن ئۆچەكەشكەنلىكى» دېگەن پارچىدا بۇ خىل مەزمۇن ئېنىق ۋە ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قۇشلار تائىپىسى ئىچىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشى دەل شۇ دەۋردىكى جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان قالايمىقانچىلىقنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. بىر ئادىل پادىشاھنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى يالغۇز نەۋائىينىڭلا ئەمەس، بەلكى قالايمىقانچىلىق ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان ھىرات خەلقىنىڭمۇ ئورتاق ئارزۇسى ئىدى.

مەلۇمكى، مۇھەببەت ــ ئەدەبىياتتىكى مەڭگۈ ئۆلمەس تېما. نەۋائىي ئەسەرلىرىدە ھەم مۇھەببەت، ئاشىقلىق ئەڭ كۆپ ئىپادە قىلىنغان تېمىلارنىڭ بىرى. گەرچە «لىسانۇت تەير»دە «ھەقىقىي ئىشق» (ئاللاغا بولغان ئىشق) ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ تەسۋىرلىنىپ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىشق «ھەقىقىي ئىشق»قا يېتىشتىكى ۋاستە دەپ قارالسىمۇ، نەۋائىي كىشىلەر ئارىسىدىكى چىن مۇھەببەتنى ئىنكار قىلمايدۇ. يەنى نەۋائىي ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان ھۆرمىتى، مۇھەببىتى ۋە ھەمنەپەسلىكىنى ھەرگىزمۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

چەتكە قاقمايدۇ. ئاشىقلارنىڭ ۋىسالىغا يېتىشكە ئىلھام بېرىدۇ، ھەقىقىي سۆيگۈ ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىشمۇ ئەرزىيدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. يەنى ئەسەردىكى « شەيخ سەنئاننىڭ ھېكايىسى» ۋە ھۆپۈپنىڭ بايانلىرى، قۇشلارنىڭ دىئالوگلىرى كىشىلەرنى چىن مۇھەببەتنى ئۇلۇغلاش، مۇھەببەت بىلەن ياشاشقا ئۈندەيدۇ.

دېمەك، بىز نەۋائىينىڭ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىغا بېغىشلانغان داستانى «لىسانۇت تەير»دىن ئاشۇ دەۋردىكى ھەم نەۋائىي ئىدىيىسىدىكى تەسەۋۋۇپچىلىق، غايىۋى دۆلەت قۇرۇش توغرىسىدىكى گۈزەل ئارزۇلار ھەم مۇھەببەت ھەققىدىكى كۆز قاراشلاردىن باشقا يەنە، قۇشلارنىڭ دىئالوگلىرى، ھېكايەتلەر ۋە مۇناجاتلار ئارقىلىق، ئەينى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بولغان كۆز قاراشلىرىنىڭ ناھايىتى ئوبرازلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيمىز.

ئۈچىنچىدىن، «لىسانۇت تەير» داستانىنىڭ ئەدەبىي قىممىتى يەنە ئۇنىڭ مىللىيلىك قىممىتىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

نەۋائىي شائىر ۋە ئەدىب بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز زامانىسىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر روھىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر ئۇسلۇبقا كەلتۈرۈپ، تۈركىي تىلدا يۈكسەك سەنئەت ئەسەرلىرى يارىتىش غايىسىدا بولغانىدى. نەۋائىي «لىسانۇت تەير»دىن ئىبارەت بۇ داستانىنى تۈركىي تىلدا يېزىش ئارقىلىق، ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادا مەۋجۇت بولغان «ئەرەب تىلى گۆھەر تىل، پارس تىلى شەكەر تىل» دەيدىغان ئاغمىچىلىق ئېقىمىغا قارشى تۇرغان ھەم تۈركىي تىلدىمۇ مەجازىي ئۇسۇلدا چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەر يېزىش مۇمكىنچىلىكىنى ئەمەلىي جەھەتتىن ئىسپاتلاپ، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى نامايەن قىلغان. نەۋائىي بۇ ئارقىلىق تۈركىي تىلىنىڭ ساپلىقىنى قوغداشقا تىرىشقان ھەم تۈركىي تىل ـ يېزىقىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان. بۇ ھەقتە نەۋائىي داستانىنىڭ ئاخىرىدىكى «مۇئەللىپ ئەھۋالىدىكى بەزى ھالەتلەرنىڭ شەرھى» دېگەن پارچىدا مۇنداق دېگەن :

« بەلكى ئۇ بۈيۈك زات (فەرىدىددىن ئەتتار)نىڭ مۇقەددەس روھ قۇشى ئەرش بېغىدىن كېلىپ، كۆڭلۈمدە ئۇۋا ياسىغان بولسا كېرەك. ئۇ ماڭا قۇش تىلىنىڭ مۇشكۇللىرىنى ئۈگىتىپ، مېنى بۇ تىلنىڭ ئۇستازى قىلىپ تەربىيىلىدى. بۇ تىل ساھەسىدە شۇنداق پىشىپ يېتىلدىمكى، قۇشلارنىڭ سۆزلىرىنى تۈركىي تىل بىلەن سۆزلىدىم.»

دېمەك، نەۋائىي ئۆزىنىڭ ئىلمىي، بەدىئىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق تىلىمىزنىڭ ساپلىقىنى قوغداپ قالدى. بۇ نەۋائىينىڭ ئۆز مىللىتى، ئۆز تىلىنى نەقەدەر قىزغىن سۆيىدىغانلىقىنى، مىللىي روھىنىڭ ئىنتايىن يۇقىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

يەنە بىر نۇقتا شۇكى، داستاندىكى «چىن شەھىرىنىڭ سۈپىتى، ئۇ يەرگە سىمۇرغنىڭ پېيى چۈشكەنلىكى» دېگەن پارچىدا چىن مەملىكىتىنى ئىنتايىن گۈزەل، جەننەتتەك دەپ تەسۋىرلىگەن. سىمۇرغ پېيىنىڭ پەقەت چىن شەھىرىگىلا چۈشكەنلىكىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان دەپ قارايمەن. يەنە داستاندىكى:

«بىر كېچىسى سىمۇرغ ساياھىتى جەننەت كەبى چىن شەھىرىگە توغرا كېلىپ قاپتۇ. شۇ كېچىسى چىن مەملىكىتى پۈتۈنلەي يورۇپ كېتىپتۇ. سىمۇرغنىڭ بىرلا سىلكىنىشىدىن بىر تال پەي چىن شەھىرىگە

چۈشۈپ قاپتۇ، ئۇ ئەل شۇ پەيدىن زىننەت ۋە گۈزەللىككە ئېرىشىپتۇ....

ھەر تەرەپتە ئۇ پەينىڭ بىردىن قىلى بار. بۇ ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ نەمۇنىسىدۇر. ئۇ پەينىڭ شەكلىدە سانسىزلىغان نەقىش ـ سۈرەتلەر نامايەندۇر. بۇ پەينىڭ سان ـ ساناقسىز رەڭلىرى سۇمۇرغ ئىسىملىرىنىڭ ھۆكمىگە بىزنى ئىشەندۈرىدۇ ۋە مەپتۇن قىلىدۇ. ھېچ يەر ئۇنىڭ مەسىلىكىدىن خالىي ئەمەس، ئەمما ھېچ كىشى ئۇ مەسلەكلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئۈن چىقىرالمايدۇ، ئۇنىڭ بارلىق بۇيرۇق ۋە چەكلەشلىرى بىزگە پەرىزنىڭ ئۆزىدۇر......»

مۇنۇ بايانلاردىن ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىسلام تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ھەققىدە بېشارەت بەرگەن بولۇپ، ئۆز ئېتىقاد، ئىشەنچىسىنى ئۇنۇتمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ دەپ قارايمەن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «لىسانۇت تەير»نىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ۋە ئەدەبىي قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ناھايىتى زور تەربىيىۋى، ئىلمىي، بەدىئىي، ئېستېتىكىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا كېيىنكى دەۋرلەر مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ ئىنتايىن زور.

## IV ئەسەردىكى ئەدەبىي ئۇسلۇب ۋە ئەھمىيىتى

ئەدەبىي ئۇسلۇب دېگىنىمىز ـ يازغۇچىلاردىكى خاسلىقنىڭ كونكرېت بىر ئەسەردە ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئادەتتە ئۇ شەخسكە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم، نەۋائىي 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يوقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرگەن گىگانت شائىر ۋە ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مۇھىتىدا ئۆزىنىڭ يۇقىرى تالانتى بىلەن تۈركىي تىلىدا تۇنجى ھەم ئاخىرقى بولغان دىداكتىك ئەسەر «خەمسە»نى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن ئالدىنقى «خەمسە»چىلەردىنمۇ ئىلغارراق قىلىپ يېزىپ چىقىپ داڭق قازانغان. خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلا شائىر ئۆزىنىڭ كۈچلۈك تەسەۋۋۇپ ئىددىيىسى سىڭگەن «لىسانۇت تەير» ناملىق ئەسىرىنىمۇ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبتا ئالدىنقىلاردىنمۇ ياخشىراق قىلىپ يېزىپ چىققان.

ئالدى بىلەن ئەسەرنىڭ ژانىر جەھەتتىكى ئۇسلۇبى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. يەنى ئەسەر ئالدى بىلەن مەسەللىك داستان بولۇپ، نەۋائىي «سۇمۇرغ»، «ھۇدھۇد»، «قۇشلار» قاتارلىق مەجازىي ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقىلىق قۇشلار تىلى ياردىمى بىلەن ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپ قارىشىنى، ئىنسان بىلەن ئاللانىڭ مۇناسىۋىتى ۋە بىرلىك مەسىلىسىنى شەرھلەيدۇ. دېمەك، ئەسەردىكى «سۇمۇرغ»، «ھۇدھۇد»، «قۇشلار» ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «تەڭرى»، «سوپى»، «ئىنسانىيەت»كە سىمۋول قىلىنىپ، شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىنسان ھەققىدىكى قاراشلىرى پۈتۈنلەي سىمۋوللار ئارقىلىق مۇئەييەن بىر نەزەرىيىۋى ۋە پەلسەپىۋى چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلىگۈچى ئوبراز ۋاستىسىدە يۈكسەك دەرىجىدىكى شائىرانە تىل بىلەن ئىپادىلىگەن بولۇپ، ئەسەر ژانىرى نەۋائىي ئىجادىيىتىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىمۇ يېڭىچە ئىش بولۇپ، ئۇيغۇر داستانچىلىقى تارىخىدىكى يېڭى بىر ژانىر — سىمۋوللىزملىق پەلسەپىۋى داستان ژانىرىنىڭ غايىۋى بەدىئىي جەھەتتىن يېتۈك نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇندىن باشقا، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا تۈركىي تىلنى قوللىنىپ قۇشلار تىلىدا تۇنجى بولۇپ ئەسەر يازغان كىشى نەۋائىي بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنى «لىسانۇت تەير» نىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى «مۇئەللىپ ئەھۋالىدىكى بەزى ھالەتلەرنىڭ شەرھى» دېگەن پارچىدىكى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. مىسال ئالساق :

« ئەي فانىي، سەن يەنە بىر ئاجايىپ لايىھىنى تۈزدۈڭ، قۇشلار تىلىنى ئاجايىپ ھالەتتە شەرھىلەپ بەردىڭ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قۇشلار تىلىنى بىلىشكە سۇلايمان پەيغەمبەر (ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالاملار بولسۇن) يول تاپقانىكەن. ئۇنىڭدىن ئاسىق تەلىم ئېلىپ ئۆگەنگەنىكەن؛ ئۇندىن باشقا ھېچكىمگە تەلىم بېرىپ، ئۆگەتمىگەنىدى. ئاشۇ ئىككى زاتتىن باشقا ھېچ كىشىگە بۇ خىل ئامەت نېسىپ بولمىغانىدى، شۇڭا ھېچكىم قۇشلارنىڭ تىلىنى چۈشىنەلمەيتتى.

بۇ ئۇچقۇر پەلەك تېزلىك بىلەن ئايلىنىپ، نەچچە مىڭ يىلنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، بۇ خىل مۇبارەك ئىقبالغا ئىگە قۇشتىن يەنە بىرى پەيدا بولدى. ئۇ شۇ قەدەر ئۇچقۇر، سۆزمەن ۋە ھوشيار ئىدى.

ھەزرىتى بۇزرۇكۋار شەيخ فەرىدىددىن ئەتتار بارلىق قۇشلارنىڭ تىلى بىلەن سۆزلەپ، «مەنتىقۇت تەير» (قۇشلار نۇتقى)نى ئاشكارا ۋە روشەن قىلدى.

بەلكى ئۇ بۈيۈك زات (فەرىدىددىن ئەتتار)نىڭ مۇقەددەس روھ قۇشى ئەرش بېغىدىن كېلىپ، كۆڭلۈمدە ئۇۋا ياسىغان بولسا كېرەك. ئۇ ماڭا قۇش تىلىنىڭ مۈشكۈللىرىنى ئۆگىتىپ، مېنى بۇ تىلنىڭ ئۇستازى قىلىپ تەربىيىلىدى. بۇ تىل ساھەسىدە شۇنداق پىشىپ يېتىلدىمكى، قۇشلارنىڭ سۆزلىرىنى تۈركىي تىل بىلەن سۆزلىدىم.»

بۇندىن باشقا، شائىرنىڭ بۇ ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ئىددىيىسى فەرىدىددىن ئەتتار قاتارلىق باشقا تەسەۋۋۇپچىلارغا قارىغاندا ئۆزگىچىلىككە، يېڭىلىققا ئىگە بولغان. بۇ ئارقىلىق بىز شائىرنىڭ يارقىن پەلسەپىۋى پىكرى ۋە تەسەۋۋۇپ ئىددىيىسى ھەققىدە يەنە نۇرغۇن مەلۇماتلارغا ئىگە بولالايمىز.

ئىككىنچىدىن، ئوبرازلىرىنىڭ جانلىقلىقى، يارقىن ۋە مۇكەممەللىكمۇ بۇ ئەسەرنىڭ بەلگىلىك بەدىئىي قىممىتىنى، ئۇسلۇبىنى ئىپادە قىلىپ بېرەلەيدۇ دەپ قارايمەن. چۈنكى ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان قۇشلار ھەرگىزمۇ ئوخشاش خاراكتېرلىك، ئوخشاش بىر قېلىپتىكى كىشىلەرگە سىمۋول قىلىنغان بولماستىن، بەلكى غايە، تەقدىر جەھەتتىن بەلگىلىك ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما خاراكتېر، ئىچكى كەچۈرمىشلىرى، ئېنتىلىشلىرى، پسىخىكىسى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان، ئۆزىگە خاس ھېسسىياتقا، قىياپەتكە ئىگە كىشىلەرگە سىمۋول قىلىنغان. شۇڭا قۇشلار يەنى مەيلى ھۆدھۆد بولسۇن، مەيلى بۇلبۇل بولسۇن ۋە ياكى شۇڭقار بولسۇن ھەممىسى ئۆزىگە خاس خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ۋە بەلگىلىك ياخشىلىق، يامانلىقى بىلەن پەرقلىق ھالدا كۆز ئالدىمىزدا تىرىك ئادەمدەكلا گەۋدىلىنىپ نامايەن بولىدۇ. بۇ شائىرنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتى ۋە ئۇسلۇبىنىڭ مەھسۇلى.

بۇندىن باشقا، نەۋائىي تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئۆز ئىجادىيىتىنى كۈچلۈك رىقابەتچانلىققا ئىگە قىلغان.

شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئەڭ دەسلەپ ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ «رىسالەتۇت ـ تەير» (قۇش رىسالىسى) ئەسىرى قۇش تىلى ۋاستىسى ئارقىلىق پەلسەپىۋى مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن تۇنجى ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەشھۇر پەيلاسوپ ئىمام غەززالى «رىسالەتۇت ـ تەير» نامىدا ئەسەر يېزىپ، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپ قاراشلىرىنى ئىبنى سىنا رىسالىسىگە ئوخشاش قۇش تىلى ۋاستىسىدە ۋاستىلىك ئىپادىلەپ، پارس ـ تاجىك مۇتەپەككۇرى فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت تەير» ناملىق ئەسىرىنىڭ يېزىلىشىغا تۈرتكە بولغان. 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە

بولسا شائىر ئەلىشىر نەۋائىي يۇقارقىلارنى ئۆزىگە ئۈرنەك قىلغان ھەمدە تەنقىدىي ۋارىسلىق ئاساسىدا ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «لىسانۇت تەير»نى يېزىپ چىققان. ئەسەردە شائىر ئۆزىگە خاس پەلسەپىۋى پىكىر ۋە ئىددىيىۋى ئېقىملارنى ئەتىاردىن پەرقلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان ھەم ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى پارلاق نەمۇنىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

بۇ ئەسەر مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، نەۋائىينى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىگە نەزىرە تەقلىد قىلىدىغان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى يېتىشىپ چىقىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب شەكىللەندۈردى.

ئۇچىنچىدىن، ئەسەرنىڭ تىلى ئاددىي، مەزمۇنى چوڭقۇر، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىشى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئاۋام خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. ئەسەردىكى گۈزەل تىل، يالقۇنلۇق ھېسسىيات ۋە رەڭدار مەزمۇن تا ھازىرغا قەدەر كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىپ كەلدى. بۇ ئەسەرنى ئوقۇغىنىمىزدا ئۇنىڭ ئىچىدىكى تولۇپ ـ تېشىپ تۇرغان ئىلىم ئۇنچىلىرىگە ھېرىسمەن بولىمىز. ئۇنىڭدا مىسال كەلتۈرۈلگەن بەزى ھېكايەتلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ، كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئۇنى مەيلى يۇقىرى سەۋىيىلىك تەتقىقاتچى، ئىلىم ئىگىلىرى ئوقۇسۇن ياكى ئادەتتىكى كىتابخانلار ئوقۇسۇن، ھەركىم ئۇنىڭدىن ئۆزىگە يارىشا مەنىۋى زوق ھەم نېسىۋىگە ئىگە بولالايدۇ.

نەۋائىي بىرەر ئوي ـ پىكىرنى ئاڭلىتىش، بىرەر ئىددىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن، شۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان ژانىر شەكلىنى تاللىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ئىشلىتىلىدىغان بەدىئىي سەنئەت يەنى ئىستېلىستىكىلىق ۋاستىلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

شائىر «لىسانۇت تەير» ناملىق بۇ داستانىدا ھەرخىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە سىمۋوول، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە، ئوخشىتىش، سۈپەتلەش ۋە رىتورىك خىتاب قاتارلىقلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي تىل ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، بۇلارنى يەنە ئۆزئارا گىرەلەشمە ھالەتتە قوللىنىپ ئەسەرنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن، بۇ شائىرنىڭ تىل بايلىقى ۋە تىل پاساھىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك نامايەن قىلغان. بۇ ماقالىدە بىز ئاساسلىقى ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان قۇشلارنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرىنى مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈش بىلەن چەكلىنىمىز.

### 1 . ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان قۇشلارنىڭ سىمۋوللۇق مەنىلىرى ھەققىدە

ھەممىمىزگە مەلۇم، «لىسانۇت تەير» ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى (داستانچىلىق تارىخىدىكى) سىمۋولىزملىق پەلسەپىۋى داستان ژانىرىنىڭ يېتۈك نەمۇنىسى. شائىر بۇ ئەسەردە مەجازىي تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن ئەسەر يېزىشقا كىرىشكەن ۋە نۇرغۇن سىمۋوللۇق بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ ئوبراز ياراتقان. يەنى باشتىن ـ ئاخىر سىمۋوللۇق ئىپادىلەشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان، «سۇمۇرغ»، «ھۇدھۇد» ۋە «قۇشلار»دىن ئىبارەت بۇ سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىددىيىسىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى، غايىۋى دۆلەت قۇرۇش ئىددىيىسى ۋە مۇھەببەت ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىدىن باشقا يەنە، تۇرمۇشتىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بولغان كۆز قاراشلىرى ۋە پوزىتسىيىسىنى ناھايىتى ئوبرازلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان. ئەسەردىكى قۇشلارنىڭ ھەممىسى سىمۋوللۇق خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، بۇ ئارقىلىق كىشىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورىتى www.uyghurkitap.com



خاراكتېرىدىكى ھەرخىل ياخشى بولمىغان مىجەز ـ خۇلقلارغا، جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يامان ئىللەتلەرگە زەربە بەرگەن، ئىسىل خىسلەت، ياخشى خۇلقلارغا بولسا مەدھىيە ئوقۇلغان. ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان قۇشلارنىڭ ھەربىرى ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىرخىل سىمۋوللۇق مەنىلەرگە ئىگە، يەنى:

سۇمۇرغ : تەڭرى(ئاللا)غا سىمۋول قىلىنغان. ئەسەردىكى «سۇمۇرغ»قا ئائىت ھەربىر تەپسىلاتلار نۇرغۇن يوشۇرۇن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىنچىكىلىك بىلەن تەپەككۇر قىلساقلا، ئۇ مەزمۇنلاردىن تەڭرى (ئاللا) ھەققىدىكى نۇرغۇن بىلىملەرگە، مەلۇماتلارغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ئەسەرنىڭ باش قىسمىدىكى «سۇمۇرغ»قا مۇناسىۋەتلىك بايانلار بۇنىڭغا ئېنىق مىسال بولالايدۇ.

ھۇدھۇد : سوپى ـ ئىشانغا سىمۋول قىلىنغان. ھۇدھۇد باشتىن ـ ئاخىر قۇشلارنى «ئىشق» يولىغا يەنى «تەڭرى» يولىغا، ھەق يولغا دەۋەت قىلىدۇ. يەنە قۇشلارنىڭ ئۇنى سۈرەتلەپ ‹ھىدايەت پېنىنىڭ پېشىۋاسى› ، ‹مۇۋەپپەقىيەت يوسۇنلىرىنىڭ باشلامچىسى› ، ‹ئاداشقانلارغا يول كۆرسەتكۈچى› ، ‹قۇشلار جامائىتىنىڭ ئەزىز پېشىۋاسى› ، ‹مەخپىي سىرلارنى بىلگۈچى دانىشمەن› دېيىشلىرى ھەم ھۇدھۇدنىڭ قۇشلارنىڭ سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابلىرىدىكى بايانلار تەپسىلاتلىرىدىن شائىرنىڭ «ھۇدھۇد»نى «سوپى»غا سىمۋول قىلغانلىقىنى كۆرۈپ بىلىۋالالايمىز.

ئەسەردە نەچچە يۈز مىڭلىغان قۇشلارنىڭ ھۆپۈپ بىلەن سەپەرگە ئاتلانغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئەمما ئاساسلىقى ھۆپۈپ بىلەن ئون نەچچىلا قۇش پاراڭلىشىپ چىقىدۇ. ئۇلار :

تۇتى : شائىر ئۆز ئەسىرىدە ھۆپۈپ بىلەن تۇتىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سوئال ـ جاۋابلار ئارقىلىق ئىنسان تەبىئىتىدىكى مەنمەنلىك، ماختانچاقلىقتا ئوخشاش ناچار ئىللەتنى قامچىلىغان. تۇتىدىكى غاپىللىقتا لەنەت ئوقۇغان، ئۇنى ماختانچاق، غاپىلغا سىمۋول قىلغان.

توز : ئۆز گۈزەللىكىنى كۆز ـ كۆز قىلىدىغان لەقۋا، نادان كىشىلەرگە سىمۋول قىلىنغان. توز ھۆپۈپكە مەن گۈلشەنلەرنى گۈزەللەشتۈرگۈچى بىر قۇشمەن دەپ ماختىنىپ، تەڭرىنى ئىزدەش يولىدىن ۋاز كەچمەكچى بولىدۇ. ئۆز ـ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ نادانلىق قىلىدۇ.

بۇلبۇل : نەپسانىيەتچى، ھىيلىگەرلىك بىلەن ئىش قىلىدىغان مەككار كىشىلەرگە سىمۋول قىلىنغان. بۇلبۇل ئۆزىنىڭ گۈلگە ئاشىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى پەش قىلىپ، يول جاپاسىدىن قورقۇپ تەڭرىنى ئىزدەشتىن ۋاز كېچىدۇ، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىدۇ.

پاختەك : ئىش خۇشياقمايدىغان، ھورۇن كىشىلەرگە سىمۋول قىلىنغان. پاختەك يول جاپاسىدىن قورقۇپ ھۆپۈپكە :" مەن چىمەنلەردىن چىقىپ باقمىغان، جاھاننىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلىرىنى كۆرمىگەن بىر قۇشمەن. ئەمدى بۇ مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، ئۆزۈمگە جاپا سالسام، ئۆز جېنىمغا ئۆزۈم قەست قىلغان بولىمەن " دەپ بۇ يولدىن ۋاز كېچىدۇ.

كەپتەر : تەييارغا ھەييار بولىدىغان، ساختىپەز، ھورۇن كىشىلەرگە سىمۋول قىلىنغان. بۇنى ئۇنىڭ ھۆپۈپكە ئۆزرە ئېيتىپ دېگەن سۆزلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. يەنى كەپتەر ھۆپۈپكە مەن دېگەن قۇشلار ئىچىدە ئالاھىدە مەرتىۋىلىك يارىتىلغان، ئىنسانلار قولىدىن ئاش ـ تاماق يەيمەن، ئۇلار ماڭا ئۆيۈمنىمۇ ياساپ بېرىدۇ. شۇنداق تۇرسا يەنە شۈكرى قىلماي رەنجۇ ـ مۇشەققەت تەرەپكە ماڭسام توغرا بولمايدۇ، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ سەپەردىن ۋاز كېچىدۇ.

تاغ كەكلىكى : شەخسىيەتچى، ئۆزپەرەس، ھىيلىگەر، كاززاپ، قىلغان ئىشىغا مىننەت قىلىدىغان كىشىلەرگە سىمۋول قىلىنغان.

قىرغاۋۇل : نادان، ۋىجدانسىز، مەنمەنچى، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق كىشىلەرگە سىمۋول قىلىنغان.

قارچىغا : كىشىلەر تەبىئىتىدىكى تەكەببۇرلۇق، مەغرۇرلۇققا سىمۋول قىلىنغان. ئۇ مېنىڭ بېشىمدىمۇ تاج بار، پەزىلىتىم ۋە شەۋكىتىم ھەرھالدا سۇمۇرغچىلىك بار. جاھاندىكى ھەممە شاھلار ماڭا ئۆز قولى بىلەن تائام يىگۈزۈپ باقىدۇ، جاھاندىكى قۇشلارنىڭ ھەممىسى ماڭا تائامدۇر. شۇڭا مېنىڭ يەنە شاھ ئىزدەپ مېڭىشىم بىھاجەت دەپ بۇ يولدىن ۋاز كېچىدۇ.

شۇڭقار : كۆڭلى قارا نادان، تەمەنناچى كىشىلەرگە سىمۋول قىلىنغان. ئۇمۇ مېنىڭ بېشىمدا ئالتۇن تۇمۇغىدىن تاجىم بار، تەڭرى راستىنلا مېنى تاجدار قىپ يارىتىپتۇ. مەن بىر بېشىغا شاھلىق تاجى كىيگەن شاھ تۇرۇقلۇق، يەنە شاھ ئىزدەمدىم دەپ مەغرۇرلۇق قىلىدۇ.

بۆركۈت : ئاچكۆز، نەپسانىيەتچى، قارنى يامان كىشىلەرگە سىمۋول قىلىنغان. ئۇنىڭ ھۆپۈپكە ئۆزرە ئېيتقاندا قىلغان سۆزلىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

مۈشۈكياپىلاق : يالغانچى، ھىيلىگەر، ئالدامچى كىشىلەرگە سىمۋول قىلىنغان.

ھۇماي : تەمەگەر، تەكەببۇر، روھىي غالىبىيەتچى كىشىلەرگە سىمۋول قىلىنغان.

ئۆردەك : باھانىخور، جاھىل، يالغانچى كىشىلەرگە سىمۋول قىلىنغان.

توخۇ : ھورۇن، نەپسانىيەتچى، تەييارغا ھەييار بولىدىغان كىشىلەرگە سىمۋول قىلىنغان.

يۇقىرىقىلارنىڭ مىسالى ۋە دەلىلى ئەسەردىكى ھۆپۈپ بىلەن قۇشلار ئوتتۇرىسىدىكى سوئال ـ جاۋابلار، مىسال كەلتۈرۈلگەن ھېكايەتلەر، تەمسىللەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئومۇمەن، شائىر ھۆپۈپ بىلەن تۇتى، توز، بۇلبۇل، پاختەك، كەپتەر، تاغ كەكلىكى، قىرغاۋۇل، شۇڭقار، قارچىغا، بۆركۈت، ئۆردەك، ھۇماي، توخۇ قاتارلىق قۇشلار ئوتتۇرىسىدىكى سوئال ـ جاۋابلار، بايانلار ئارقىلىق ئىنسان تەبىئىتىدىكى نادان، ھىيلىگەر، ھورۇن، نەپسانىيەتچى، ئالدامچى، مەنمەنچى، جاھىل، تەمەخور، ئاچكۆز، ئىككى يۈزلىمچى، ۋىجدانسىز، يالغانچىلىق ئىللەتلىرىگە لەنەت ئوقۇغان ۋە قاتتىق قامچىلىغان. ئادالەت، سېخىيلىق، راستچىللىق، ۋاپادارلىق، مەردلىك، توغرىلىققا ئوخشاش ئېسىل خىسلەتلەرگە مەدھىيە ئوقۇغان. كىشىلەرنى راستچىل، ئادىل، ئەخلاقلىق، ئەمگەكنى سۆيىدىغان بولۇشقا، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلەشكە دەۋەت قىلغان. شائىر يەنە تولا گەپ قىلىدىغان، كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەيدىغان ۋالاقتەككۈرلەرنى ناھايىتى پەس كۆرىدۇ. كىشىلەرنى سۆزلىگەندە مەنىلىك، داۋلىلىق سۆزلەشكە، قالايمىقان، تۇترۇقسىز سۆزلەرنى قىلماسلىققا، ئاز، ساز سۆزلەشكە دەۋەت قىلغان.

ئۇندىن باشقا، ئەسەردىكى ھېكايەتلەردە يەنە نۇرغۇن يەرلەردە سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ۋاستىسىنى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن قوللانغان. ئەگەر بۇ ئەسەرنى يەنىمۇ ئىنچىكە ۋە تەپسىلىي تەتقىق قىلىپ، ھەربىر سىمۋوللۇق بەدىئىي ۋاستە ئۇستىدە توختىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇ ھالدا پۈتكۈل ئەسەرنىڭ ھەربىر ئېلېمېنتلىرىنىڭ سىمۋوللۇق مەناغا ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

خۇلاسە :

نەۋائىينىڭ «لىسانۇت تەير» ناملىق بۇ ئەسىرى مانا يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىغا ئوخشاش يۇقىرى ئەدەبىي قىممەت ۋە يۈكسەك ماھارەتلىك ئەدەبىي ئۇسلۇب بىلەن ھازىرغا قەدەر خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ، ئىنتايىن سۆيۈپ ئوقۇلۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىمۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەرگىز سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. بۇ ئەسەر مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئەسەرنى ئۈرنەك قىلغان بىر خىل ئەدەبىي ئۇسلۇب ۋە ئەدەبىي ئېقىم شەكىللەنگەن. مىلادىيە 18 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئىبنى يۈسۈپ خوتەنى «لىسانۇت تەير»گە تەقلىد قىلىپ ئەسەر يازغان؛ مىلادىيە 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان تالانتلىق ئەدىب، نەۋائىيشۇناس موللا سىدىق ياركەندىي نەۋائىينىڭ «خەمسە»سىنى نەسرىيلەشتۈرۈپ يازغاندا «خەمسە»دىكى بىرىنچى داستان «ھەيراتۇل ئەبرار»نىڭ ئورنىغا «لىسانۇت تەير»نى ئالماشتۇرۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ نەسرىي نۇسخىسىنى «خەمسە»گە قوشقان؛ بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق بۇنىڭغا ئوخشاش مەسەللىك داستان، مۇنازىرە خاراكتېرلىك ئەسەرلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن. مانا بۇلاردىن «لىسانۇت تەير»نىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئورنىنى ۋە تارىختىكى ئۇنىڭغا بولغان ئىزچىل ۋارىسچانلىقنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىكى ھازىرغا قەدەر «لىسانۇت تەير» توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارغا قارايدىغان بولساق، پەقەت مىللەتلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر ئەدىبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابنىڭ 2 ـ قىسمىدا ئومۇمىي تەھلىل خاراكتېرلىك بايان ئېلىپ بېرىلغانلىقى؛ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھەرقايسى سانلىرىدا ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بويىچە يېزىلغان ترانسپىكسىيە نۇسخىسى؛ موللا سىدىق ياركەندىي تەرىپىدىن يېزىلغان نەسرىي نۇسخىسى ۋە بىرقانچە پارچە ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن باشقا يېتەرلىك ماتېرىيال يوق.

بۇ ماقالىدە بولسا ئەنە شۇ ماتېرىياللار ۋە باشقا تىللاردىكى بىر قىسىم ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق، ئەسەرنىڭ ئەدەبىي قىممىتى ۋە ئەدەبىي ئۇسلۇب جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل ئېلىپ بېرىلدى. مېنىڭچە، بۇنىڭدىن كېيىن ئەسەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، بەدىئىي گۈزەللىكى، كومپوزىتسىيىلىك قۇرۇلمىسى، ئەسەردىكى ئەخلاق، بىلىم، ئىرادە، ئەركىنلىك، ئىنتىپاقلىق ئىپادە قىلىنغان مەسەللەر قاتارلىقلارنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ئۆز ئەمەلىيىتىمىزگە تەتبىقلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايمەن.

==================================






قىيا تاشقا ياماشقان چۈشۈم،
گۈل بەرگىدە ئۈيغىنىپ كەتتى،
مەپتۇن بولۇپ رومانتىكىغا،
شۇنداق شېرىن تولغىنىپ كەتتى.

ئېقىن باغرى دولقۇنلۇق ھوزۇر،
ئەللەيلەنگەن ھېسلىرىم تاتلىق،
ئۇخلاپ ياتقان كەچمىشلىرىمۇ،
تىترەشلەردىن ئۈيغىنىپ كەتتى.


چوغ لىۋىدە لەيلىنىڭ شەبنەم،
قۇچىقىغا مۆككەن چۈشلىرىم،
قۇتلۇق سابا چېھرىگە قونغاچ،
قۇياش كۆزى نۇرلىنىپ كەتتى.

ۋىچىرلىسا تەنتەك قارلىغاچ،
تىللىرىغا كىرىپ خىيالىم،
باراڭدىكى زۇمرەت ئۈزۈملەر،
پىچىرلاشتىن مۇڭلىنىپ كەتتى.

بۇلاق كۆزى سۆيۈملۈك ئالەم،
جىمىرلايدۇ تەكتىدىن تۇيغۇم،
يېنىك سۆيۈپ ئۆتسە مايسىنىڭ،
باغرى ئاتەش چوغلىنىپ كەتتى.

ئۇپۇق تامان سالار پايانداز،
شەپەق رەڭلىك شېرىن چۈشلىرىم،
قېنىپ سۆيسە زىمىن لىۋىنى،
ھاياجاندا مەۋجۇدات زوقلىنىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com



# ئايەم مۇبارەك

**قۇربانجان ۋاھاپ**
(2007)



بۈگۈن ئايەم بۈگۈن شادلىق قۇياشلىق بۇ دىيارىمدا،
شادلىق پەيزىدىن نۇر چاقنىدى باشقىچە دىدارىمدا.

بۈگۈن ئايەم كۈلەر ئالەم ھېيت شادلىقى پۈر كەتكەن،
كۈلەر ئۇيغۇر كۈلەر خەلقىم ئانا جۇڭغارۇ تارىمدا.

ساما نەغمەمنى كۆتكەنچە كۈلۈپ چىقماقنى ئويلايمەن،
ھېيت ئەھلىگە بۇ دەمدە يۈرەكتىن ئىنتىزارىمدا.

قېرىنداشلار ساۋاقداشلار ،قېنى ھۆرمەتلىك ئۇستازلار،
«بۈگۈن ئايەم مۇبارەك» دەپ تۇراي مەن ئېھتىرامىمدا.

قەيەردە بولمىسۇن مەيلى بۈگۈن ئايەم مۇسۇلمانغا،
يا قەشقەردە ۋەيا بېيجىڭ، مەدىنە، ئېرۇسالىمدا.

سالامەتلىك ئۇتتۇق ئامەت ئەبەدلىك بىزگە يار بولسۇن،
ھېيت كۈنى كۆتۈرۈپ قول تىلەپ قىلغان دۇئايىمدا.

چىقىپ دىلدىن ئاداۋەتلەر يېغىپ دىلدىن ساخاۋەتلەر،
نە قىشكى ئۇ سېزەر جانىم ئۆزۈمنى گۈل باھارىمدا.

ۋەتەن ئەلنىڭ ئۈمىدى بار ئىستۇدېنت بۇرچى زىممەمدە،
كۈلەر خەلقىم هامان بىر كۈن نەتىجە ئىختىرارىمدا.

ئېلىم بەرگەن بۇرچ ـ پەخرىم دىلىمغا مەھكەم ئورنالغان،
بۇ ئايەم كۈندىمۇ چىقماس تۇرار ھەردەم خىيالىمدا.

قېنى بۇ دەم كېلىپ دوستلار ئوينىاڭ مەيداندا مەردانە،
قولۇم كۆكسۈمدە سىزلەرچۈن خىزمەتتە ھەرنە بارىمدا.



لېۋەن قىزلارنى توختاتماي ئۇسسۇلغا تارتسا بەرنالار،
ئۆزۈم باشلاي ساماسىنى چىقىپ ئەۋجى قارارىمدا.

كۈلۈپ ياشناڭ بۈگۈن قۇتلۇق بۈگۈن ئايەم كۈنى كەلدى
كۈتەي سىزلەرنى ئۇيغۇرچە تۈزۈلگەن داستىخانىمدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

# گۈلگۈن شېئىر

توختىقارى نۇر (2008)

## ياشلىق

ياشلىق ،
ئۇ شۇنداق گۈزەللىكى ،
خۇددى پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلگە ،
ئىللىق مېھرى هارارىتى بىلەن ،
جاھانغا نۇرچاچقان قوياشقا ئوخشاش .
بۇ ياشلىق جۇشقۇنلىكى ،
قەھرىمۇ بار ،
ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ،
شۇنچىلىك يېقىملىقكى ،
يامغۇردىن كېيىن ،
كۈلۈپ چىققان قوياشقا ئوخشاش ،
ۋاللىدە چاقنايدۇ ،
چېقىپ ئۆچىدۇ ،
قەھرلىك سېھرلىك چاقماققا ئوخشاش ،
ئۈمىد ئۇ ،
ياشلىقنىڭ جېنى ھەم قېنى ،
ئۈمىتتە ياڭرايدۇ
ياشلىقنىڭ كۈيى ،
شۇكۈيدىن زوق ئالارھايات بوستانى .
ۋىسالغا يەتكەن ئاشىققا ئوخشاش .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




ئەي مومىيىم، سۆزۈم بار ساڭا،
(ئۆز گۈزەل دەپ ئاتىيالمىدىم).
قېرى خىيال دىلىم بېغىنى،
ئېيتماي دىسەم شۇك ياتالمىدىم.

بۇرۇنقىدەك دىمىگىن ئۇنداق:
«قېرىغاننى تۇيمىغان، ئوغرى»
ياش سۆيگۈنى چەكلىسە يەنە،
خىياللارنى بولار سۇرگىلى!؟

سەنمۇ كۆرمەي مەكتەپ يۈزىنى،
چوڭ بولدىڭغۇ، ئېيتقىنا، راستمۇ؟
سېنىڭ بىلەن پارتىداش بولۇپ،
ئوقۇغۇم بار ئەمدى بولسىمۇ.

يۈگۈرسە خىزمەتكە باللىرىڭ،
سەن ئارتىسەن مۆرەڭگە سومكا،
قۇتۇلسەن گۆر كەبى ئۆيدىن،
بۇ كۈنلەردىن ئالارسەن سوۋغا.

سومكاڭ يۇدۇپ سىنىپقا كىرسەڭ،
قېرى ئاشىق قارشى ئالىدۇ.
كىم ـ كىملەردىن نومۇس قىلسۇن ئۇ!؟
ناخشا ئېيتىپ، دۇمباق چالىدۇ.

دېگەنتىڭ: «ياش بىر يەرگە باردى،
باللارمۇ كۆرمەسكەن راۋا...»
ئۇلار يىللاپ ئاڭلامدۇ دەردىڭ!؟
ياشلىرىڭنى ئېيتامدۇ خۇدا!؟

قالپاق باردۇر، ساۋاقداشلارمىز،
كالاك ـ بالاك ئۆيۈڭدە قالار،
قورۇنۇشسىز غەملەرسىز كۈلسەڭ،
شۇ شوخ ئوغرى قېشىنى ئاتار.

كەلمىگۈچە باشقا بىلمەيمىش،
دەردى يوقلار دەرتمەن ھالىنى.
شۇ باللار بىزنى ئوقۇتۇپ،
بىلسۇن ئون مىڭ دەرتنىڭ بىرىنى.

بىز ئاڭلايمىز يېڭىچە دەرس،
ئۆيدىكىدەك غەم ـ غۇسسىلەر يوق،
ئويناپ كەتسەك باللار كەبى،
ئۇلار غەمكىن بىزدە كۆڭۈل توق.

كەلسە تۈن بەك قورقۇپ كەتمەيمىز،
كېچە دىگەن جەننەت بىزلەرگە.
بار باھانە «ئېچىلدى يىغىن...»
ھۆرپىيىمىز كۈيۈنۈشلەرگە.

كېچىكىپمۇ قالىمىز پات ـ پات،
تۈگىمىگەچ پاراڭ دەرسكە،
خالىدىكى پاراڭ، مومىيىم
ئوخشىسۇنمۇ ئادەتتىكىگە!

خالىدىكى ئۈچرىششلارنى
بىلسە مەيلى تونۇش ـ بىلىشلەر.
غورۇر نىمە؟ ئۇلارمۇ بىلسۇن،
ئەل ئالدىدا قىزىرىپ يۈزلەر.

يىڭنە چاغلىق ئىش بولسا ئەگەر،
دىگىن: «بۈگۈن بەك كۆپ تاپشۇرۇق،
ھەممىسىنىڭ كەينىدە قالسام،
بولالامدۇ يۈزۈڭلار يورۇق!؟»

ئاغرىتسا گەر كۆڭلۈڭنى يەنە،
ئىچمەيلا قوي تاتلىق ئاشنىمۇ.
پەپىلىتىپ، مىڭنى سۆزلىتىپ،
ساختا يىغلاپ، ئاققۇز ياشنىمۇ.

«پۇل؟!...» دەۋەرگىن قىلچە قورۇنما،
«ئوقۇغۇچى قانداق تاپىدۇ؟!»
ئويۇنلارغا بولسا گەر مەيلىڭ،
ساختا ئېيتساڭ يەنە قاتىدۇ.

ئەي مومىيىم، كۈلۈپ كەتتىڭغۇ؟!
«قېرى بوۋاق»دەپ ئويلىدىڭمۇ؟
يا خىياللار ئالمى ئارا
قىرانلىقىا بېرىپ قايتتىڭمۇ؟

خىيالىمدا ئېچىلغان گۈلۈم،
تىكەن كەبى تەنبىھلىرى بار.
ئەجەب ئەمەس شۇ تەنبىھ بىلەن،
پەرزەنتلەرگە بولسا ئەقىل يار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com




**(2009 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبى ھېرتا مېللېرنىڭ مۇكاپات قوبۇل قىلىش نۇتقى)**

ھەر كۈنى ئەتىگەن بوسۇغىدىن ئاتلىشىمغا، ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئاپام «قول ياغلىقىڭنى ئېلىۋالدىڭمۇ؟» دەپ سورايدۇ. دەرۋەقە، قول ياغلىقىمنى ئېلىۋالمىغاچ، كەينىمگە يېنىپ ئېلىپ چىقاتتىم. مەن ئەزەلدىن ئاپام مەندىن شۇنداق سورىمىغۇچە قول ياغلىقىمنى ئېلىۋالمايتتىم. قول ياغلىق بولسا ئاپامنىڭ ماڭا كۆيۈنگەنلىكىنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتتا ئۆزۈمگىلا تايىناتتىم. ئاپام مېنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈشىنى ۋاستىلىك ھالدا مۇشۇ «قول ياغلىقىڭنى ئېلىۋالدىڭمۇ؟» دېگەن جۈملە بىلەن ئىپادىلەيتتى. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا بىۋاسىتە ئىپادىلەنگەن مۇھەببەت ئادەمنى قورۇندۇرۇپ قويىدۇ، يېزىدىكىلەر ئۇنداق ياسالمىلىقنى ياقتۇرمايدۇ. مۇھەببەت دېگەن سوئال بەلگىسى ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا دېيىلىدىغان بولسىمۇ، بۇمۇ مۇھەببەتنى ئىپادىلەشنىڭ بىرخىل شەكلى. ئۇ قوپاللىراق ئېيتىلغان بىلەن مېھرىبانلىقنى كۆچەيتىدۇ. ھەر كۈنى ئەتىگەن قول ياغلىقىمنى ئالماي ئۆيدىن چىقىشقا

تەمشىلىپ، يەنە قايتىپ كىرىپ ئىلىۋالىمەن. مۇشۇنداق بولغاندىلا، كوچىلاردا ماڭسام ئاپام يىپىمدىكىدەكلا ھېس قىلىدىكەنمەن.

20 يىلدىن كېيىن، ئۆزۈم يالغۇز شەھەردە تۇرۇپ، بىر زاۋۇتتا تەرجىمانلىق قىلدىم. ئەتىگەن سائەت بەشتە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئالتە يېرىمدا خىزمىتىمنى باشلاپ كېتەتتىم... ئىككى يىل مانا مۇشۇ رەۋىشتە ئۆتۈپ كەتتى.

ئۈچىنچى يىلى مېنىڭ قېلىپلىشىپ قالغان تۇرمۇشۇم ئاخىرلاشتى. ئىشخانامدا بىرەيلەن پەيدا بولۇپ ھەپتىدە ئۈچ قېتىم ئەتىگەنلىكى كەلدى. ئۇ ئادەم كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، قاۋۇل، يوغان باش، زەبەردەست ساقچى ئىدى. بىرىنچى قېتىم ئۇ مېنى تىللاپ بولۇپلا چىقىپ كەتتى. ئىككىنچى قېتىمدا ئۇ پلاشىنى ئىشكاپنىڭ ئاچقۇچىغا ئېسىپ قويۇپ ئولتۇردى. شۇ كۈنى ئەتىگەن ئۆيۈمدىن كۆركۆمگۈل ئەكىلىپ، ۋازىغا سېلىپ قويغانىدىم. ئۇ ماڭا قاراپ:

ـ كۆزىڭىز بەك ئۆتكۈركەن، باشقىلارنى چۈشىنىشكە بەكلا ئۇستىكەنسىز! ـ دەپ ماختاپ كەتتى. ئۇنىڭ مۇغەمبەرلەرچە دەۋاتقان سۆزلىرىدىن ئارامسىزلىنىپ:

ـ كۆركۆمگۈلنى چۈشىنىمەن، بىراق، باشقىلارنىڭ قانداق ئادەملىكىنى ئۇقمايمەن! ـ دەپ ئۇنىڭغا رەددىيە بەردىم. ئۇ ئاچچىقلانغان ھالدا كۆركۆمگۈلگە قارىغاندا مېنى بەكرەك چۈشىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، پلاشىنى قولتۇقىغا قىسىپ چىقىپ كەتتى.

ئۈچىنچى قېتىمدا ئۇ خىزمەت سومكىسىنى ئورۇندۇقۇمغا قويۇپ قويغاچقا، مەن ئۇ كەتكۈچە ئۆرە تۇردۇم. سومكىنى پولغا ئېلىۋېتىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. ئۇ مېنى «مەسئۇلىيەتتىن قاچىدىغان ھورۇن خوتۇن، خۇددى كوچىلاردىكى پاھىشىلەردەك چۈشكۈن» دەپ تىللىدى. شىرەدىكى كۆركۆمگۈلنى بىرچەتكە سۈرۈۋېتىپ، بىر پارچە ئاق قەغەز بىلەن قەلەمنى شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، ماڭا:

ـ يازە! ـ دەپ ۋارقىرىدى. مەن ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىسمىم، تۇغۇلغان كۈنۈم ۋە ئادرېسىمنى يازدىم. ئاندىن (بۇنى ئەزەلدىن دوستلىرىم ۋە تۇغقانلىرىمنىڭ ھېچقايسىسىغا تىنمىغان) ئاشۇ قورقۇنچلۇق خەتنى يازدىم: ھەمكارلىشىشنى خالايمەن. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا توختىۋالدىم. قەلەمنى قويۇپ، دېرىزە يېنىغا كېلىپ، چاڭ ـ توزانلىق يەرگە نەزەر سالدىم. بۇ ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل تۇپىلىق يول بولۇپ، ئىككى قاسنىقىغا پاكار ئۆيلەر سېلىنغانىدى. ئەمما بۇنداق بولۇشىغا قارىماي بۇ يولنىڭ نامى شان ـ شەرەپ كوچىسى. يول قاسنىقىدىكى تاقىر ئۈجمە دەرىخىدە زاۋۇتتىكى ھېلىقى ئەسكى مۈشۈك ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بېشىدىكى ئەتىگەنلىك قۇياش خۇددى ئاسمانغا ئىلىپ قويغان سېرىق داپقا ئوخشايتتى. مەن كوچىغا نەزەر تاشلاپ ھېلىقى ئەرگە دېدىم:

ـ بۇنداق قىلىشنى مېنىڭ ۋىجدانىم كۆتۈرمەيدۇ. ساقچى «ۋىجدان» دېگەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەسەبىيلىشىپ، ھېلىقى قەغەزنى يىرتىپ يەرگە تاشلىدى. ئاندىن مېنى گەپ يېگۈزۈشكە خېلى تىرىشقانلىقى ھەققىدە خوجايىنغا دوكلات بېرىش ئېيتىپ كەلگەن

بولسا كېرەك، يەردىكى قەغەز پارچىلىرىنى تېزدىن سومكىسىغا سالدى. ئۇ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ غەزەپلەنگەن هالدا، گۈل ۋازىسىنى تامغا ئاتتى. ۋازا چېقىلغاندا خۇددى هاۋاغا چىش چىققاندەك، چىشنى قامىتىدىغان ئاۋاز چىقتى. ئۇ سومكىسىنى ئېلىپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭدى:

ـ سەن پۇشايمان قىلىسەن، سېنى دەرياغا چۆكتۈرۈپ جېنىڭنى ئالىمىز. ـ دېدى. مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم: ئەگەر ئىمزا قويىدىغان بولسام، هەممە ئىش ئاخىرلىشىدۇ. مەنمۇ ئۆزۈمگە ئوخشىماي قالىمەن. ئەگەر مۈشۈ ۋاقىتتا ماڭا ياردەم قىلىساڭلار تولىمۇ ئوبدان بولاتتى. بىراق، بۇ چاغدا ئۇ ئاللىبۇرۇن كېتىپ بوپتۇ. كوچىدىكى هېلىقى مۈشۈك دەرەختىن چۈشۈپ ئۆگزىگە چىقىۋالدى. دەرەخ شېخى خۇددى ترامپولىندەك سىلكىنەتتى.

ئەتىسى تارتىشماق ئۇرۇشى باشلاندى. ئۇلار مېنى زاۋۇتتىن كېتىشكە قىستىدى. هەركۈنى ئەتىگەن سائەت ئالتە يېرىمدا زاۋۇت باشلىقىنىڭ يېنىغا يوقلىمىغا كىرەتتىم. خۇددى ئاپام هەركۈنى سەھەردە «قول ياغلىقىڭنى ئېلىۋالدىڭمۇ؟» دەپ سورايدىغاندەك، زاۋۇت باشلىقىمۇ مەندىن «باشقا خىزمەت تاپتىڭىزمۇ؟» دەپ سورايتتى. مەنمۇ هەركۈنى ئوخشاشلا «مەن زاۋۇتتا ئىشلەشنى خالايمەن. پىنسىيەگە چىققۇچە ئىشلىگۈم بار، شۇڭا خىزمەت ئىزدىمىدىم» دەپ جاۋاب قايتۇراتتىم.

بىر ئەتىگىنى ئىشقا كەلسەم، توم لۇغىتىم ئىشخانام ئالدىدىكى يەردە تاشلاقلىق تۇرۇپتۇ. ئىشخانامغا كىرسەم، بىر ئىنژىنېر مېنىڭ ئورنۇمدا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ماڭا:

ـ باشقىلارنىڭ ئىشخانىسىغا ئىشىك چېكىپ كىرمەمسىز؟! بۇ مېنىڭ ئىشخانام، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ ـ دېدى. مەن كەتسەم بولمايتتى. ئەگەر بىر قېتىم ئىشتىن قالسام، مېنى هەيدىۋېتىشكە باهانە تېپىلاتتى. ئىشخانام يوق بولدى. ئىشقىلىپ، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىشقا كېلىشىم كېرەك.

بىر كۈنى دوستۇم بىلەن غېرىبلىققا چۆككەن شان ـ شەرەپ كوچىسىدا ئۆيگە قايتقاچ ئۇنىڭغا هەممىنى دەپ بەردىم. ئۇ ئىشخانىسىدىكى بىر بۇلۇڭنى يىغىشتۇرۇپ ماڭا بەردى. ئەمما ئەتىسى ئەتىگەندە ئىشخانىسى ئالدىدا ماڭا:

ـ ئەمدى سېنى كىرگۈزەلمەيدىغان بولدۇم، هەممەيلەن سېنى ئىشپىيونكەن، دەۋاتىدۇ، ـ دېدى. يۇقىرىدىن تارتىپ تۆۋەنگىچە تارالغان بۇ ئۆسەك گەپلەر مېنى ئازابلىدى. هەي! مېنى نەس باستى. تۇيۇقسىز هۇجۇمغا ئۇچرىساق، ئۆزىمىزنى قوغدىساق بولىدۇ. ئەمما تۆھمەتكە ئۇچرىغاندا ئامال قانچە؟ مەن هەركۈنى هەممىگە تەييارلىنىپ قويىمەن، هەتتا ئۆلۈمگىمۇ! بۇ ئېغۇۋالارغا مېنىڭ قارشىلاشقۇدەك هالىم قالمىدى. هەرقانداق تەييارلىقمۇ بۇ زەخمىنى يېنىكلىتىشكە ئامالسىز. تۆھمەت خۇددى ئېچىپ كەتكەن ئەخلەتتەك ئېغىز ـ بۇرنۇڭنى توسۇۋېلىپ، سېنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويىدىكەن. چۈنكى ئۆزۈڭنى قوغداشقا ئىلاجىسىز ـ دە! ئىشداشلىرىمنىڭ نەزىرىدە مەن بىر ئىشپىيون. ئەگەر شۇنداق بولۇپ ئۇلارنى پايلىغان بولسام، ئۇلار ماڭا شەكسىز ئىشىنەتتى. ئېنىقكى، مەن

ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلمىغاچقا، ئۇلار مېنى جازالاۋاتىدۇ.

مەن ئۆز ۋاقتىدا ئىشقا چىقىۋاتقان تۇرۇقلۇق يا ئىشخانام يوق، يا دوستۇم ئىشخانىسىغا كىرگۈزمىدى. مەن پەلەمپەيدە نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي تۇردۇم. پەلەمپەيدە بىردەم ئاستىغا بىردەم ئۈستىگە مېڭىپ، توساتتىن ئاپام ۋە يېنىمدىكى قولياغلىق ئېسىمگە كەلدى.

مەن قولياغلىقنى ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قەۋەت ئارىلىقىدىكى پەلەمپەيگە يېيىپ ئۈستىدە ئولتۇردۇم. لۇغىتىمنى تىزىمغا قويۇپ، سۈيۈقلۇق پىرېسى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشنى تەرجىمە قىلىشقا باشلىدىم. مەن« پەلەمپەيدىكى دانىشمەن» لەرگە ئوخشاپ قالغانىدىم. ئەپسۇس، قولياغلىق مېنىڭ ئىشخانام ئىدى. ئىلگىرى دوستۇمنىڭ ئىشخانىسىدا بىللە تاماق يېگەن بولساق، ھازىر دەل مېنىڭ ئىشخانامدا دوستۇم ئىككىمىز بىللە تاماق يەۋاتاتتۇق. ئۇ تاماق يېگەچ ماڭا ئىچى ئاغرىپ كۆز يېشى قىلاتتى. بىراق مەن ياش تۆكمەيتتىم. بۇنداق ۋاقىتتا تېخىمۇ قەيسەر بولۇشۇم كېرەك ئىدى. جاھان باقى بولمىغاندەك، بىرقانچە ھەپتىدىن كېيىن ئاخىرى ئىشتىن ھەيدەلدىم.

«پەلەمپەيدىكى دانىشمەن» بولغان شۇ كۈنلەردە، لۇغەتتىن «پەلەمپەي» دېگەن بۇ سۆزنى ئاختۇرۇپ باقتىم: پەلەمپەينىڭ بىرىنچى پەشتىقى ئورنىمىزدىن قوزغىلىشىمىز ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ئادەتتە ياي شەكىللىك لايىھىلىنىدۇ. ھەربىر قەدىمىمىز پەلەمپەي يۈزى بىلەن گورزىنتال ھالەتتە ماسلىشىشى كېرەك. ھەر قەدەم يۆتكىگەندە، ئارىسىدىكى بوشلۇق پەلەمپەينىڭ كۆزى دەپ ئاتىلىدۇ. مەن سۈيۈقلۇق پىرېسىنىڭ سىلىقلاش سېستىمىسىغا ئالاقىدار كەپتەر قۇيرۇقى شەكىللىك ئەركەك تۇرۇم، غاز بويۇن تۇرۇبا، قالپاق شەكىللىك ۋېنتا، تۆشۈك پولتا قاتارلىق چىرايلىق سۆزلەرنى بىلىۋالدىم. پەلەمپەينىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدىكى ئاشۇنداق شېئىرىي مەنىگە باي چىرايلىق ئىسىملاردىن ھازىرمۇ ھەيرانمەن. پەلەمپەينىڭ يۈزى ۋە كۆزى بولغاندىكىن، ئۇنداقتا بەدىنىمۇ بولىدۇ ـ دە! ئىنسانلار ياغاچ ـ تاش، سېمونت ياكى پولات ـ تۆمۈرلەر بىلەن ھەپىلىشىپ، نېمىشقا ئۆزلىرىنىڭ قىياپىتىنى ئاشۇ جانسىز نەرسىلەرگە زورلاپ تېڭىپ، ئادەملەشتۈرۈشكە ئۇرۇنىدىغاندۇ؟! بەلكىم، بۇنىڭغا يوشۇرۇنغان ئىللىقلىق تېخنىكلارنىڭ جاپالىق خىزمەتكە بەرداشلىق بېرىشىگە ياردەم بېرىدىغاندۇ! بەلكىم ئاپام مەندىن قولياغلىقىمنى ئالغان ـ ئالمىغانلىقىمنى سورىغاندەك ھەر ساھەدىكى ھەربىر خىزمەت مۇشۇنداق پىرىنسىپقا ئەمەل قىلىدىغان ئوخشايدۇ.

كىچىك ۋاقتىمدا، ئۆيىمىزدە مەخسۇس قولياغلىق سالىدىغان تارتما بار ئىدى. قولياغلىقلار ئىككى رەت بويىچە، ھەربىر رەتتە ئۈچ دەستە قىلىپ قاتلاپ قويۇلاتتى. سول تەرەپتىكىلەرنى دادام بىلەن بوۋام، ئوڭ تەرەپتىكىلەرنى ئاپام بىلەن مومام، ئوتتۇرىسىدىكىنى مەن ئىشلىتەتتىم.

تارتمىدىكى قولياغلىقلار گويا ئائىلىمىزنىڭ كوللېكتىپ سۈرىتىگە ئوخشايتتى. ئەرلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قول ياغلىقى ئەڭ چوڭ بولۇپ، چۆرىسىدە جىگەررەڭ، كۆلرەڭ ياكى تۇتۇق قىزغۇچ، سۆسۈن رەڭلىك تۇتۇق سىزىقلار بار ئىدى. ئاياللارنىڭ كىچىكرەك بولۇپ، چۆرىسى سۆس كۆك، قىزىل ياكى يېشىل رەڭدە بولاتتى. بالىلارنىڭ ئەڭ كىچىك بولۇپ، ئاق چاقماق ئۈستىگە گۈل ۋە ھايۋانلارنىڭ سۈرىتى بېسىلىپ گىرۋەكلىرى تورلانمىغان بولاتتى. بۇ قولياغلىقلارنىڭ بىر رەتتىكىلىرىنى ئادەتتىكى كۈنلەردە، يەنە بىر رەتتىكىلىرىنى مەخسۇس تىلاۋەت كۈنلىرى ئىشلىتەتتۇق. تىلاۋەت كۈنىدە چوقۇم قولياغلىق بىلەن كىيىمنىڭ رەڭگىنى ماسلاشتۇرۇپ، ئامال بار قولياغلىقنى سىرتقا كۆرسەتمەسلىك كېرەك ئىدى.

ئۆيىمىزدە قولياغلىق ھەرقانداق نەرسىلىرىمىزدىن ھەتتا ئۆزىمىزدىنمۇ مۇھىم. ئەمەلىيەتتىمۇ قولياغلىق نۇرغۇن يەرلەردە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: بۇرنىمىزدىكى پوتلا ۋە قاننى سۈرتىمىز. جەينەك ۋە تىزلىرىمىز يارىلانغان ۋاقىتتا، يىغلىغان ۋاقىتتا كۆز ياشلىرىمىزنى سۈرتىمىز ياكى قولياغلىقنى چىشلەپ مىشىلداپ يىغلايمىز. بېشىمىز ئاغرىسا، سوغۇق سۇغا چىلانغان قولياغلىقنى پېشانىمىزگە قويۇۋالىمىز. قولياغلىق ئارقىلىق يەنە ئاپتاپتىن ياكى يامغۇردىن دالدىلىنىمىز. ئەگەر سەن بىر ئىشنى ئېسىڭدە تۇتماقچى بولساڭ قولياغلىقنى تۈگۈۋالساڭ بولىدۇ. مۇھىم نەرسىلەرنى قولياغلىققا چىگىۋېلىشقا بولىدۇ. پويىز قوزغالغان ۋاقىتتا قولياغلىقنى پۇلاڭلىتىپ خوشلىشىمىز. ئاڭلىماققا، باناتا شىۋىسىدىكى «كۆز يېشى» دېگەن سۆز رۇمىنىيە تىلىدىكى «پويىز» دېگەن سۆزگە ئوخشاپراق كېتىدۇ. شۇڭلاشقىمىكىن رېلىستىن چىققان گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلىماققا يىغا ئاۋازىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر كەنتتە بىرەرى قازا قىلسا، ئۇلار مېيىتنىڭ ئاغزىنىڭ يۇمۇق ھالەتتە تۇرۇشى ئۈچۈن قولياغلىق بىلەن ئېڭىكىنى چېتىپ قويىدۇ. ئەگەر شەھەر كوچىسىدا بىرەرى ئۆلۈپ قالسا، ئۆتكەن ـ كەچكەنلەر قولياغلىق بىلەن يۈزىنى يېپىپ قويىدۇ. بۇنداق بولغاندا قولياغلىق ئۆلگۈچىنىڭ خاتىرجەم ياتىدىغان يەرلىكى بولىدۇ.

يازنىڭ تومۇز كۈنلىرى ئاتا ـ ئانىلىرىمىز بىزنى قەبرىستانلىقتىكى گۈللەرنى سۇغىرىشقا بۇيرۇيتتى. ئىككى ـ ئۈچەيلەن بىر گۇرۇپپا بولۇپ، بىردەمدىلا سۇغۇرۇپ بولاتتۇق ـ دە، چېركاۋ پەشتىقىغا يىغىلىشىۋېلىپ، بەزى قەبرىلەردىن لەرزان كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئاق ئىسلارغا نەزەر سالاتتۇق. ئاق ئىسلار بىر پەس لەيلەپ، تۈن كېچە بوشلۇقىغا كېتەتتى. تۈن كېچىدە ساناقسىز قولياغلىقلاردەك لەيلەۋاتقان ھايۋانات، ئىستاكان، شىشە، كۇرۇشكا، پەلەي، ئىشتان شەكلىدىكى ئىسلارنى ئۆلۈكلەرنىڭ روھى دەپ بىلەتتۇق.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئوسكار پاستىيئورنىڭ سوۋېت ئەمگەك لاگېرىغا سۈرگۈن قىلىنغان چاغدىكى كەچمىشىنى يازماقچى بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ ماڭا بىر روسىيەلىك مومايىنىڭ ئۇنىڭغا كاناپتىن توقۇلغان ئاق قولياغلىق بەرگەنلىكىنى، ئۇ مومايىنىڭ ئوغلىمۇ ئوسكار پاستىيئور بىلەن قۇرداش بولۇپ ناھايىتى يىراقتا ئىكەنلىكى، ئوغلىنىڭ تېزراق قايتىپ

كېلىشىنى ئۇمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئوسكار پاستېئور ئۇ ئايالنىڭ ئىشكىنى چېكمۇاتقاندا ئېچىرقاپ كەتكەن بىر تىلەمچى قولىدىكى بىر كاللەك كۆمۈرنى يېمەكلىككە تېگىشىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئايال ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىپ شورپا ئەكېلىپ بېرىپتۇ. ئۇ ئايال تىلەمچىنىڭ پوتلىسىنىڭ قاچىغا ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تېخى ئىشلىتىلىپ باقمىغان كاناپ ئاق قولياغلىقنى ئۇزىتىپتۇ. قولياغلىققا ئەترگۈل ۋە گۈل شاخلىرى نەپىس كەشتىلەنگەن بولۇپ، ناھايىتى رەڭدار ئىكەن. گۈزەللىك مۇجەسسەملەشكەن بۇ قولياغلىق تىلەمچىنى ھەم ھاياجانغا سالىپتۇ ھەم ئۇنى ئازابلاپتۇ. كاناپ رەخت ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەلىگەن بولسىمۇ، بىراق يىپەك ئەترگۈل ئۇنىڭ نامراتلىقىنى ئېچىپ تاشلاپتۇ. ئۇ ئايالغا نىسبەتەن ئوسكار پاستېئورمۇ ئوخشاش. يەنى جاھاندارچىلىققا خام، تەنتەك بالىدۇر. يۇقىرىدىكى ئىككى «تىلەمچى»نىڭ قايسىبىرى بولسۇن، بۇ ئايالنىڭ ئىلتىپاتىدىن تەسىرلەندى. ئەمما، كېيىنكىسىگە نىسبەتەن، ئۇ ئايالمۇ ئۆزىگە شۇنداق ئىككى رول يۈكلىگەن. بىرى، نام ـ شەرىپى نائېنىق رۇس ئايال؛ يەنە بىرى، تەشۋىشلەنگەن ھالدا «قولياغلىقىڭنى ئېلىۋالدىڭمۇ؟» دەپ سوراۋاتقان ئانا.

يۇقىرىدىكى ھېكايىنى ئاڭلىغاندىن بىرى مەندە «قولياغلىقىڭنى ئېلىۋالدىڭمۇ؟» دېگەن بۇ سوئال ھەممە يەردە مەۋجۇتمۇ، قولياغلىق دۇنيادىن ھالقىپ، تېخى ئېرىپ كەتمىگەن قارلىق دالىلارغا بارالارمۇ، ئوتلاق ھەم تاغ ـ دەريالاردىن ئاتلاپ، ھەرقايسى چېگرالاردىن ھالقىپ كېتەلەرمۇ دېگەندەك سوئاللار پەيدا بولدى.

گەرچە ئون نەچچە يىل رۇمىنىيە تىلىدا سۆزلىگەن بولسامۇ، ئوسكار پاستېئور بىلەن كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن، رۇمىنىيە تىلىدا قولياغلىقنىڭ «كاناپ» batistā دېيىلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلماپتىكەنمەن. بۇ رۇمىنىيە تىلىنىڭ شۇنچە ھېسسىي، ئەمما شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىۋاستە ئىپادىلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. رەختلەرنىڭ ھېچ يېرىنى يۆگىمەي ياكى قاتلىماي، بىۋاستە ھالدا قولياغلىق بارلىققا كەلگەن. قارىغاندا، ھەرجاي، ھەرزاماندا قولياغلىق كاناپ رەختتە ئىشلىنىدىغان ئوخشايدۇ.

ئوسكار پاستېئور ئۇ قولياغلىقنى ھېلىقى قوش سالاھىيەتلىك ئانا ـ بالىنى ياد ئېتىپ تۇرۇش ئۈچۈن ساندۇقىدا ساقلاپ كەپتۇ. بەش يىلدىن كېيىن ئۇ قولياغلىقنى ئېلىپ، يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. چۈنكى، بۇ كاناپ قولياغلىق ئۇمىد ھەم ۋەھىمىنىڭ سىمۋولى ئىكەن. ئەگەر سەندىمۇ ئۇمىد ۋە ۋەھىمە تۇيغۇسى بولمىسا ئۆلگەنگە باراۋەرسەن.

ئىككىمىز ئاق قولياغلىق توغرىلىق پاراڭلاشقاندىن كېيىن مەن يېرىم كېچىدە نۇرغۇن ۋاقتىمنى سەرپ قىلىپ، ئوسكار پاستېئورغا ھەدىيە قىلىش ئۈچۈن ئاق رەڭلىك كارتىغا بىر پارچە شېئىر يازدىم:

تېلېگراف كودى ئۆسىۈلغا چۈشتى، ـ دېدى بى

www.uyghurkitap.com

لىق سۈت قۇيۇلغان ئىستاكانغا سەكرەۋاتقانلار
ئاق رەڭلىك كاناپ، سۇر يىپشىل سىنىك
گويا بارلىق نەرسىلەر
ئۇچراشسىلا قىلار ئالاقە
بۇ يەرگە قارا
مەن پويىزدىمەن
سوپۇن ئارىلاش قورۇمىدىكى گىلاستەك
ئەلمىساقتىن ناتونۇشقا ئۇندىمەيمەن
ھەم باش ئاپپاراتتا تېلېفون قىلمىغان

شۇ ھەپتىنىڭ كەچقۇرۇنلىقى كارتىنى ئوسكار پاستېئورغا ئاپىرىپ بەرگىلى باردىم. ئۇ ماڭا:

ـ كارتىغا ئوسكارغا سوۋغىتىم دەپ يېزىشىڭىز كېرەكتى، ـ دېدى.

ـ ئىشقىلىپ، سىزگە بەرگەندىكىن سىزنىڭ بولدۇ ـ دە! ـ دېسەم، ئۇ:

ـ ئاپلا، بەلكىم بۇ كارتا بۇنى ئۇقماسلىقى مۇمكىن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆيگە قايتىپ كارتاغا ئوسكارغا سوۋغىتىم دەپ يازدىم ۋە ئىككىنچى ھەپتىسى كارتىنى ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بەردىم. بۇ خۇددى قولياغلىقىمنى ئالماي ئۆيدىن چىقىپ يېنىپ كىرىپ ئېلىۋالغاندەكلا بىر ئىش بولدى.

يەنە بىر ھېكايىمۇ قولياغلىق بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

مېنىڭ مەز ئىسىملىك بىر تاغام بار ئىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى بوۋام ئائىلىمىزنىڭ ئاشلىق سودىسى بىلەن مىلىچمال دۇكىنىنى باشقۇرۇشقا ئوڭاي بولۇشى ئۈچۈن مەزنى تىمىسۇئاراغا سودىگەرچىلىكنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ئۇ ئوقۇغان مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار گېرمان ئىمپېرىيىسىدىن كەلگەن، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ناتسىسلاردىن ئىكەن. مەز بەلكىم سودىگەرچىلىككە ئائىت كۆپ تەربىيە قوبۇل قىلغاندۇ! ئەك مۇھىمى، ئۇ ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەن بىر ناتسىست بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. ئوقۇش ئاخىرلاشقاندا مەز قېنى قىزىق ناتسىستقا ئۆزگىرىپ، پۈتۈنلەي باشقىچە ئادەم بولۇپ قاپتۇ. ئۇ خۇددى داۋاسى يوق ئەقلى كەمتۈك ئادەمدەك، يەھۇدىيلارغا قارشى شوئارلارنى توۋلايتتى. بوۋامنىڭ ماللىرىنى يەھۇدىيلار نېسىگە تەمىنلەپ بەرگەچكە، مەزنى بىرقانچە قېتىم تىللىدى. تىللاپلا بولدى قىلماي، بىرقانچە كاچات سېلىۋەتتى. ئەمما ئۇ ئەقلى ـ ھوشىنى تاپمىدى. كەنتتە مۇتەپەككۇر بولۇۋېلىپ، ئۇرۇشتىن قاچقان تەشتۇشلىرىنى بوزەك قىلاتتى. مەز رۇمىنىيىدىكى قىسىمدا مەمۇر بولۇپ، نەزەرىيەنىڭ ئەمەلىيەتنىڭ شەكىل ۋە خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىشنى ئۈمىد قىلغاچقا ئۆزلىكىدىن ئىسئىسچىلار ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، ئالدىنقى سەپكە

بىرىشنى تەلەپ قىلدى. بىرقانچە ئايدىن كېيىن ئۇ يۇرتقا كېلىپ توي قىلدى. ئۇ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا سەل ئېسىگە كەلگەن بولۇپ سىرلىق مەخپىيەتنى باھانە قىلىپ، بىرقانچە كۈن ئۇرۇشتىن ئۆزىنى چەتكە ئاپتۇ. بۇ مەخپىيەت ـ توي قىلىش ئىدى.

موماملىڭ تارتمىسىدا مەزىنىڭ ئىككى پارچە سۈرىتى ساقلانغان بولۇپ، بىرى توي سۈرىتى، يەنە بىرى ئۇرۇشتا قۇربان بولغان چاغدىكى سۈرىتى. توي سۈرىتىدە زىلۋا بويلۇق كېلىنچەك ئاق توي كۆينىكى كىيىپ بەئەينى بۇۋۇي مەريەملىڭ گەج ھەيكىلىگىلا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، مەزدىن بىر ئالقان ئېگىز ئىدى. ئۇ بېشىغا شامدىن ياسالغان گۈلچەمبىرەك تاقاپ، قارىماققا ئاپئاق قار ئۇستىدىكى ياپراقلارغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكىسى ناتىسستلارنىڭ فورمىسىنى كىيگەن مەز بولۇپ، ئەسكەر بولۇپلا قالماي كېلىنچەكنىڭ ئېرى ئىدى. كېلىنچەكنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇپلا قالماي، يىگىتى ئىدى. ئۇ ئالدىنقى سەپكە كېتىپلا، ئۇنىڭ ئۆلگەن سۈرىتى ئۆيگە ئەۋەتىلدى. سۈرەتتە بىر ئەسكەر مىنادا پارتلاپ، پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن، قارا تۇپراق ئۇستىدە ئوتتۇرىسىغا غەلىتە رەسىم بېسىلغان تۆت بۇرجەك ئاق رەخت ئۇستىگە كۆيۈپ كەتكەن جەسەت سۆڭەكلىرى دۆۋىلەنگەندى.

موماملاغا نىسبەتەن بۇ سۈرەت ھەم ئاق قولىياغلىق ئۇستىدە ئۆلگەن ناتىسست ھەم ئۇنىڭ خىيالىدا مەڭگۇ ياشاۋاتقان ئوغلى. موماملا بۇ قوش مەنىگە ئىگە سۈرەتنى داۋاملىق ئىبادەت كىتابىنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇۋالاتتى.

كۈندىكى ئىبادىتىمۇ قوش مەنىدەك قىلاتتى. بەلكىم ئۇ تەڭرىدىن تۇيۇقسىز ناتىسست بولۇپ ئۆزگىرىپ كەتكەن سۆيۈملۈك ئوغلىنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىشىنى ئۆتۈنۈپ دۇئا قىلار...

بوۋام بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان. ئۇ ئازابلانغان ھالدا مەزنى تىلغا ئالاتتى. ئۇ سەگەكلىك بىلەن سۆزلەيتتى: بايراقلار لەپىلدەۋاتقان چاغدا كىشىنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ئىنگال (بۇرغا) ئىچىگە سىڭىپ كېتىپ چۈشىدۇ. بۇ مېنىڭ بۇرۇن باشتىن كەچۈرگەن ئاشۇ دەۋرلەرگىمۇ ماس كېلىدۇ. ھەركۈنى چوڭ ـ كىچىك تەۋەككۈلچىلەرنىڭ ھۆكۈم ئىقتىدارىنىڭ بۇرغا ئىچىگە سىڭىپ كېتىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيسەن. بىراق، مەن بۇ بۇرغىنى چالمايمەن.

لېكىن كىچىك ۋاقتىمدا ئاكاردىيون چېلىشنى ئۆگەندىم. چۈنكى ئۆيىمىزدە مەزدىن قالغان بىر قىزىل ئاكاردىيون بار ئىدى. ئاكاردىيوننىڭ بېغى ئۈزۈن بولغاچقا، مۇئەللىم باغنى مۈرەمدىن چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ قولىياغلىق بىلەن بېلىمگە باغلاپ قويىدى.

بىز گۇدۇك، ئاكاردىيون ياكى قولىياغلىق قاتارلىق بىر ـ بىرىگە قىلچە ئالاقىسىز كىچىككىنە نەرسىلەرنى تۇرمۇشتا بىرلەشتۈرەلەمدۇق؟ بۇ نەرسىلەر ئۆز ئورنىدا ياكى ئورنىدىن چەتنىسە بىرخىل تەكرار ئەنسىزلىكنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. يەنى يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش ۋە ياكى گىرمان تىلىدا دېيىلگەندەك «شەيتان چەمبىرىكى». بىز بۇ نۇقتىغا ئىشىنىمىز. ئەمما تېشىمىزغا چىقىرالمايمىز. ھالبۇكى، دېيەلمىگەننى

www.uyghurkitap.com

يازغىلى بولىدۇ. شۇڭا يېزىقچىلىق پۈتۈن بەدەلنى ئىشقا سالىدىغان، سۈكۈت ئىچىدىكى جىسمانىي ئەمگەكتۇر. سۆزلىسەك، دەۋرىمىزدىن ھالقىتىۋېتەلەيمىز. ئەينى ۋاقىتتا بۇرغا چېلىشقا بارمىغانلىقىم ئۈچۈن ئىچىنىشلىق ئازابلارغا دۇچار بولدۇم. ئەمما يېزىقچىلىق سۈكۈتتە باشلىنىدىكەن. ئاشۇ پەلەمپەيلەردە مەن ئىسمىنى تىلغا ئېلىشتىن ئۈيىلىدىغان «ئەبلەخلەر» گە ئۇچرىدىم. يۈز بەرگەن جىمى ئىشلارنى دېيىشكە تىلىم كۆيىدۇ. گەپ ئارقىلىق نەرسىلەرنىڭ بىرقىسىم سىرتقى ھالىتىنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ، بىراق، ئىچكى ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرگىلى بولمايدۇ. مەن بۈنى ئۆزۈمگە ئۈنسىز شۇۋىرلايمەن. يېزىقچىلىقتا يېزىقتىن ئىبارەت «شەيتان چەمبىرىكى» دىن پايدىلىنىپ ھەممىنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە مەن ھاياتلىق ئىنتىلىشلىرىم بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن.

پەقەت ھەرپلەر ھەرىكەتلىنىپ تۇرغاندا ئاندىن مەيدانىمنى چۈشەندۈرەلەيدۇ دەپ ئويلايمەن. ھەرپلەر ئېغىزدىن چىقىرىشقا ئامالسىز گەپلىرىمىزنى ئەينەن ئىپادىلىيەلەيدۇ.

مەن يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلارغا، يېزىق ۋە ئۇنىڭ «شەيتان چەمبىرىكى» گە ئەگىشىپ، تاكى مەن ئىلگىرى بىلمىگەن ئىشلار ئاشكارىلانغۇچە يازىمەن. رېئاللىقتا ماس ھالدا ھەرپلەرنىڭ گاچا تىياترى باشلىنىپ رېئاللىقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماستىن، مۇھىم تەرەپلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، بەزى ئاساس بولمىغان تەرەپلەرگە سوزۇلىدۇ. ئۇ ئەسەبىيلەرچە ئالغا چېپىۋاتقاندا، ھەرپلەرنىڭ «شەيتان چەمبىرىكى» رېئال دۇنيادا پەيدا بولغان ئىشلارغا ئاللىبۇرۇن چەمبىرەك ئەپسۇنى ئوقۇۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ گاچا تىياترى ھەم دەھشەت ھەم تىزگىنلەش قىيىن بولۇپ، ھەمىشە كۆپلىگەن تەلەپلەر قويۇلغاچقا، دەرھاللا ھېرىپ قالىدۇ. ئەگەردە بىز بارلىق ئىقتىدارىمىزدىن مەھرۇم قېلىشقا تاس قالغان بولساق ئويلاشقا تېگىشلىك ئىشلارمۇ بولمىسا ئۇنداقتا، بارلىق ئىشلاردا ئەقىلغا مۇۋاپىق كۆز قاراش مەۋجۇت بولمايدۇ. باش تېما ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەرپلەرمۇ مېنى باشقۇرۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار باش تېمىنى ئۆزىنىڭ پىكىر ـ خىيالى بويىچە، خالىغان يۆنىلىشكە باشلاپ ماڭىدۇ. بۇلارنىڭ راستلىقىغا دەيدىغان باشقا گېپىممۇ يوق. پەلەمپەيدە ئىشلىگەن ئاشۇ كۈنلەردە، بالىلىق ۋاقتىمدا دەريا ۋادىسىدا كالا باققان چاغلىرىمدىكىدەك غېرىبسىندىم. ئۇ چاغلاردا يوپۇرماق ۋە گۈل ـ چىمەنلەرنى يەپ، ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ كېتەتتىم. چۈنكى مەن ئۇلاردەك ياشاشنى بىلمەيتتىم. ئۇلار بىلەن سۆزلىشەتتىم، ئىسىملىرىنى چاقىراتتىم. مەسىلەن: غولىدىن سۈتتەك سۈيۈقلۇق سىرغىپ چىقىدىغان ئۆسۈملۈك ـ سۈتلۈك خوخا دېگەندەك. ئەمما بۇ ئۆسۈملۈكلەر ئۆز ئىسىملىرىنى ئاڭقىرالمايدۇ. شۇڭا مەن «سۈت»، «خوخا» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلەتمەي، «تىكەنلىك»، «يىڭنە بوي» دېگەن ئىسىملارنى قويدۇم. ياسىغان ئىسىملار ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ئارىمىزدا تېگىگە يېتىپ

بولغىلى بولمايدىغان ھاك بارلىقىنى ئايان قىلدى. ئەمەلىيەتتىمۇ مەن ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەستىن، ئۆز ـ ئۆزۈمگە شىۋىرلايتتىم. بۇ ماڭا نىسبەتەن خورلۇق. بىراق، بۇ ماڭا پايدىلىقمۇ ئىدى. مەن پادا باقاتتىم. ھەرپىلەر مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئالاتتى. مېنىڭ ھېسلىرىم:

ئالدىڭدىكى ھەربىر ھەرپىلەر
«شەيتان چەمبىرىكى» دىن تولۇق خەۋەردار
بىراق، تىنىپ قويمايدۇ خالاس.

يېزىقنىڭ باشقا تاللىشى يوق، پەقەت كۆز بويىيالايدۇ خالاس. چۈنكى ئوبيېكتلار ئۇلاردىن پايدىلىنىپ باشقىلارنى ئالدايدۇ. ھېسسيات، چىراي ھەركىتى ئارقىلىق كىشىلەرنى ئازدۇرىدۇ. يېزىقنىڭ ئاۋازى ھەمىدە ئۇ ياراتقان بارلىق ۋەقەلەر، ماتېرىياللار ۋە چىراي ھەركەتلىرىنىڭ كۆز بويىشى قاتارلىقلار تاشقى دۇنيا بىلەن ئۆچرىشىش يۈزىدە توپلىنىدۇ. بۇ يېزىقچىلىقتا ئىشەنچ مەسىلىسى بولماستىن بەلكى يالغانچىلىقنىڭ پاكىتىدۇر.

زاۋۇتتا ئىشلىگەن ئاشۇ ۋاقىتلارنى ئەسلىسەم پەلەمپەيدە قولىياغلىقنى ئىشخانام قىلغانىدىم. ئاشۇ ۋاقىتتا مەن لۇغەتتىن سۆرەلمە مۆلۈك ئېشىش نىسبىتىدەك (TREPPENZINS) پېئىلىدىن بىرنى تاپقان ئىدىم. ئۇنىڭ مەنىسى مال پۇلى ئۆسۈمىنىڭ پەلەمپەي شەكلىدە ئۆسۈشى دېگەنلىك. بۇ بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا چىقىم، يەنە بىر ئادەمگە كىرىم ئەكىلەتتى. يېزىقچىلىقمۇ شۇنداق. يازغانلىرىمىز قانچە كۆپ بولسا، رېئال دۇنيادىكى نۇقسانلارنى شۇنچە كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يېزىق گەرچە ئالدىن كۆرەلمىسىمۇ، بىراق بۇلارنى بايقىيالايدۇ ھەم يېزىقنىڭ رېئاللىقنى تەلتۆكۈس ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىشى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ھايات سىناقلىرىدا يېزىققا چەك يېپىشىمىز. پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن تەقدىرىمۇ ئۇنىڭغا قايىل بولماي تۇرالمايمىز.

مېنىڭچە ئۇلارنىڭ ماتېرىيالى ئۆز جىسمىغا نائېنىق بولغاندەك، چىراي ھەرىكىتى ئۇلار ئىپادىلىگەن ھېسسىياتنى چۈشەنمىگەندەك يېزىقمۇ ئۇلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. ئەمما بىز ئۆز مەۋجۇتلۇقىمىز ئۈچۈن ئوبيېكت، چىراي ئىپادىسى ۋە يېزىققا مۇھتاجمىز. قانچە كۆپ ھەرپ ئىشلىتەلىسەك، شۇنچە ئەركىن بولالايمىز. ئەگەر ئېغىزىمىزنى قۇلۇپلاپ قويسا، ئامالىنىڭ بارىچە چىراي ئىپادىسى ۋە باشقا نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ، ئىدىيىمىزنى ئىپادىلىسەك بولىدۇ. كېيىنكىسىنى ئۆزلەشتۈرمەك قىيىن بولسىمۇ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە باشقىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويمايدۇ. بۇلار بىزنىڭ ئىزا ـ ئاھانەتلىرىمىزنى بىر خىل ئابرويغا ئۆزگەرتىپلا قالماستىن، مۇھىمى ئۆزۈنغىچە سىزىلىپ قالمايدۇ.

مەن رۇمىنىيىدىن چەت ئەلگە كۆچمەن بولۇپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بىر يېزا ساقچىسى ئاپامنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئاپام ئىشىكتىن چىقىپ ئۇزاق ماڭماي «قول ياغلىقىڭنى ئېلىۋالدىڭمۇ؟» دېگەن سوئال يادىغا كەپتۇ. ئۇ ئېلىۋالماپتىكەن. ساقچى ئالدىراتسىمۇ، ئۆيگە كىرىپ قولياغلىقتىن بىرنى ئېلىۋاپتۇ. ساقچى ئىدارىسىدە ھېلىقى ساقچى ئاپامغا قاتتىق ھۆركىرەپتۇ. ئاپام رۇمىنىيە تىلىنى ئانچە ئۇقمىغاچقا، ئۇنىڭ نېمىدەپ ھۆركىرەۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەپتۇ. ساقچى ئىشىكنى تاقاپ، ئىشخانىدىن ئايرىلىپتۇ. ئاپامنى ئۇ يەرگە ساق بىر كۈن سولاپ قويۇپتۇ. بىچارە ئاپام ئىشخانىدا بىرەر سائەتچە يىغلىغاندىن كېيىن ئىشخانىدىكى جاھازىلارنى كۆز ياشلىرىدا ھۆل بولۇپ كەتكەن قولياغلىقىدا سۈرتۈشكە باشلاپتۇ. ئاندىن بۇلۇڭدىكى چېلەكنى سۇ ئەكىرىپ كېلىپ، ئىلغۇچتىكى لۆڭگىنى ئېلىپ، پول سۈرتۈپتۇ. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ھاڭ ـ تاڭ قالدىم.

ـ نېمىشقا ئۇلارنىڭ ئىشخانىسىنى تازلايسەن؟ ـ دېدىم مەن. ئۇ قىلچە ئوڭايسىزلانمىغان ھالدا:

ـ بۇنداق قىلسام ۋاقىت تېز ئۆتىدىكەن. ھەر نېمە بولسا ئەرلەرنىڭ قولياغلىقىدىن بىرنى ئېلىۋالغان ئىكەنمەن. ئۇلارنىڭ ئىشخانىسى بەك مەينەت ئىكەن، ـ دېدى.

مۇشۇ ۋاقىتتا ھېس قىلدىمكى، ئۇ تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقاندا مۇشۇ خىل ئارتۇقچە ئەمما ئۆزى رازى بولۇپ ئىزا ـ ئاھانەتكە ئۇچرىغان تۇرۇقلۇق ئۆزى ئۇچۇن بەزى قەدىر ـ قىممەتلەرنى يارىتىپتۇ. مەن بۇنى بىر پارچە شېئىر بىلەن ئىپادىلەشكە تىرىشتىم:

كۆڭلۈمدىكى سۇلمىغان ئەتىرگۈلنى ئويلاۋاتىمەن
ئاشۇ ئەلگەكتەك پايدىسىز روھنى ئويلاۋاتىمەن
بىراق، قوغدىغۇچى سورىدى:
كىم ئۇستۇنلۈكنى ئىگەللىيەلەيدۇ
دېدىم مەن: تېرىنى قۇتقۇزۇش
ئۇ توۋلىدى: تېرە دېگەن ئۇ بىلسەڭ
ھاقارەتكە ئۇچرىغان بىر قولياغلىق
يەنە كېلىپ ھېسسىياتسىز نەرسە

ھېلىھەم قەدىر ـ قىممىتىدىن مەھرۇم قىلىنۋاتقان كىشىلەردىن « قولياغلىق» دېگەن سۆز قوشۇلغان يەقەت بىرلا جۈملىنى سورىۋالغۇم بار: قول ياغلىقىڭنى ئېلىۋالدىڭمۇ؟

بەلكىم بۇ سوئال قولياغلىقنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغاندۇر، ناۋادا بىر ئادەمنىڭ تەنھالىقىغا قارىتىلسىچۇ؟

بۇ ئەسەر «تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2010 ـ يىللىق 2 ـ سانى ۋە توردىكى تەرجىمە نۇسخىسىدىن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ تەرجىمە قىلىندى




بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل مۇقەددەم بىر ياش سوقراتتىن مۇۋاپىقىيەت قازىنىشنىڭ سىرىنى سوراپتۇ. سوقرات ئۇنى بىر دەريا بويىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ھېلىقى ياش بۇنىڭدىن ناھايىتى ئەجەپلىنىپتۇ، لېكىن ئارقىدىنلا تېخىمۇ غەلىتە ئىش يۈز بېرىپتۇ. سوقرات تۇيۇقسىزلا پولتوك قىلغان ئاۋاز بىلەن تەك سۇغا سەكرەپتۇ. ھېلىقى ياش كۆڭلىدە ئەجەبا ئۇستاز ماڭا سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەتمەكچىمىكىنە دەپ ئويلاپتۇ. بۇ چاغدا سوقرات يىگىتكە قول ئىشارىسى قىلىپ، ئۇنى سۇغا سەكرەشكە بۇيرۇپتۇ. ياش يىگىت تەئەججۇپلەنگەن ھالدا سۇغا سەكرەپتۇ.

ئۇ ئەمدىلا سۇغا سەكرىشىگە سوقرات ئۇنى كۆچەپ تۆۋەنگە بېسىشقا باشلاپتۇ، ھېلىقى ياش بولسا جېنىنىڭ بېرىچە تىركىشىپ يۇقىرىغا چىقىپتۇ، سوقرات يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ بېشىنى كۆچەپ سۇغا بېسىپتۇ. بۇ قېتىم ئۇ ئالدىنقىدىنمۇ كۆچەپ بېسىپتۇ. ياش يىگىت جېنىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسىتىپ ئەمدى سۇدىن بېشىنى چىقىرىشىغا، سوقرات يەنە بايىقى ھەرىكەتنى تەكرارلاپتۇ، بۇ قېتىم ياش يىگىت كۆچىنىڭ بارىچە تىركىشىپ سۇ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ ۋە قىرغاققا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. قىرغاققا چىققاندىن كېيىن ئۇ جالاقلاپ تىترىگەن ھالدا: « ئۇ.. ئۇستاز، سىز نېمە قىلاي دەيسىز؟» دەپ سوراپتۇ.

سوقرات ئۇنىڭغا پەرۋاسىز قىلماستىن قىرغاققا چىقىپتۇ. ئۇ كەتكەندىن كېيىنمۇ، ھېلىقى ياش يەنىلا ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىگەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە سوقراتنىڭ كەينىدىن بېرىپ سوراپتۇ:

ــ ئۇستاز، نادانلىقىمنى ئەپۇ قىلىڭ، سىزنىڭ بايامقى ھەرىكىتىڭىزدىن مەن يەنىلا ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم، ئېغىر كۆرمەي بىر ـ ئىككى ئېغىز تەلىم بەرگەن بولسىڭىز؟

شۇنىڭ بىلەن سوقرات ھېلىقى ياشتىن سوراپتۇ:

ــ سەن بايا سۇنىڭ ئىچىدە تۇرغىنىڭدا نېمىنى بەكرەك ئويلىدىڭ؟

ــ ھاۋانى، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ياش يىگىت.

سوقرات ئاخىرى ھېلىقى بىر ئېغىز چوڭقۇر پەلسەپىۋىيلىككە ئىگە مەشھۇر سۆزىنى ئېيتىپتۇ:

ــ ئەگەر سەن مۇۋاپىقىيەتنىمۇ باياتتىن ھاۋاغا ئېھتىياجلىق بولغاندەك كۈچلۈك ئارزۇ قىلساڭ، ئۇ ھالدا سەن چوقۇم مۇۋاپىقىيەت قازىنالايسەن، مانا بۇ مۇۋاپىقىيەتنىڭ سىرى.

بۇ ئەسەر «羊皮卷» ناملىق كىتابتىن تەرجىمە قىلىندى

www.uyghurkitap.com




## قارلىقتىكى تاسادىپىي ئۇچرىشىش

جىېك داڭلىق تاغقا چىقىش تەنھەرىكەتچىسى ئىدى ۋە يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي، نۇرغۇن قارلىق چوققىلارنى ئايىغى ئاستىغا بويسۇندۇرغانىدى.

جىېك يېقىندا بىر ئىشتىن سىرتقى تاغقا چىقىش ئەترىتىنى نېپالغا ئېلىپ كەلدى. ئەترەت تاغقا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققىنىدا، جىېك ئاننا دېگەن قىزنىڭ كۆپچىللىكىنىڭ سەكرەپ-كۇلۇپ غەلبىنى تەبرىكلىشىگە قېتىلمىغانلىقىنى بايقاپ قالدى. ئاننا ئۇنىسىز، يالغۇز پېتى پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، قوللىرىنى كۆككە سوزۇپ بىر نېمىلەرنى تۇتماقچى بولاتتى.

تازىمۇ غەلىتە قىزغۇ، زادى نېمە قىلىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالدى جىېك.

يېرىم ئايدىن كېيىن بۇ ئەترەت يەنە بىر قېتىم تاغقا چىقتى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇلار تۇيۇقسىز سوققان بوراننىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى. بوران ئاننانى سەپتىن ئايرىپ تاشلىۋەتتى، جىېك مۇشكۇل خەتەرگە قارىماي، ئاننانى ئۆلۈم ئاغزىدىن تارتىپ ئەكىلىۋالدى.

ئەترەت گازارمىغا ساق ـ سالامەت قايتىقاندىن كېيىن، بۇنىڭ يۈزىسىگە تەبرىكلەش زىياپىتى قىلىۋىدى، ئاننا تەشەببۇسكارلىق بىلەن جىېكقا قەدەھ تۇتتى ۋە قۇتقۇزۇۋالغانلىق شاپائىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى. جىېك ئاننادىن نېمىشقا قوللىرىنى كۆككە سوزىدىغانلىقىنى سورىغانىدى، ئاننا بىر پەس جىمىپ كەتتى ۋە ئېغىر خورسانغىنىچە تاغقا چىقىشنىڭ پەقەت ۋە

پەقەت ئەرشتىكى يىگىتى گىرىن ئۈچۈنلىكىنى دەپ بەردى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جېكنىڭ يۈرىكى ئېغىپ كەتتى. مەجنۇن قىز! ئاپئاق تاغلار ئەرشكە ئەڭ يېقىن جاي، بۇ قىزنىڭ تاغلارغا چىقىپ قوللىرىنى تېخىمۇ ئۇزۇن سوزۇشلىرى ئەرشتىكى يىگىتكە بەكراق يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئىكەندە؟!

جېكقا گرىننىڭ قانداق ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى مۆڭلىنىپ دەپ بېرىۋاتاتتى. مۇندىن ئۈچ يىل بۇرۇن ئانىلار بىر قېتىملىق ساياھەتتە يەر تەۋرەشكە دۇچ كېلىپ قالغانىكەن. مېھمانخانىلار ئۆرۈلۈۋاتقان ئاشۇ پەيتلەردە گرىن ئانىنانى چىڭ قۇچاقلاپ، ئۆز بەدىنى بىلەن ئۈستىگە چۈشۈۋاتقان خىشلاردىن قورىغانىكەن. كېيىن ئانىنا قۇتقۇزۇۋېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما گرىن ياقا ـ يۇرتلاردا مەڭگۈلۈك قېلىپ قالغانىدى.

جېك بۇلارنى ئاڭلاپ، ئانىناغا قولقەغەز سۇندى:

ـــ نېمە بولسا بولسۇن، سىز باتۇرلارچە ياشىشىڭىز كېرەك، ئۇنداق ئەمەسمۇ يا؟ مەرھۇممۇ سىزنىڭ ئازاپتا ئەمەس، خۇشاللىقتا ياشىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدۇ،ـــ دېدى.

## دېيەلمەيدىغان گەپ

تاغقا چىققۇچىلار دۆلەتلىرىگە قايتىشتى. جېك ئانىنانى چىن قېتىدىن سۆيۈپ قالغانلىقىنى تۇيۇپ قالدى. ئۇ ئۆزىگە ئانىنانى خۇشال قىلىمەن دەپ قەسەم بەردى. جېكنىڭ بوشاشماي كەينىگە كىرىشىدىن ئانىنانىڭ تەنھا قەلبى سۇ ئىچتى. ئىككىسى بىر جۈپلەردىن بولۇشتى. ئۇلارنىڭ بەختلىك ۋە شېرىن تۇرمۇشى كۆرگەنلىكى كىشىنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈرۈشتى. بىراق جېك ھەمىشە بىر نەرسە كەمدەك ھېس قىلاتتىيۇ، ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلەلمەيتتى.

بىر كۈنى جېك ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە كەلدى. قارىسا شىردە خىلمۇ خىل سەي، ياندا بىر شېشە شامپان، لوڭقىدا بىر دەستە قىپقىزىل ئەتىرگۈل. ئۇ ھەيران قالدى. ئانىنا ئاشخانىدىن چوڭ بىر تورتنى ئەچىقىپ:

ـــ تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، جېك! ـــ دېدى.

جېكنىڭ ھاياجاندىن قەلبى لەرزىگە كەلدى. ئۇ ئۆزى تۇغۇلغان كۈننى ئۇنتۇپ قالغاندا، ئايالىنىڭ بۇ كۈنگە بۇنچە ئىخلاس قىلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئىككىسى تورتتىكى شاملارنى پۈۋلەشكەندىن كېيىن، ئانىنا جېكتىن نېمە ئارزۇيى بارلىقىنى سورىۋىدى، جېك كۈلۈپ:

ـــ قەدىرلىكىم، ماڭا ھېچنېمە كېرەك ئەمەس، زادى دېمىسىڭىز بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋالسىڭىز، ئەمىسە سىزنى سۆيىمەن دەڭ،ـــ دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ئانىنانىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى ۋە بېشىنى سالغىنىچە ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى. ئەمما ئۇ تېزلا بېشىنى ئۈستۈن ئېتىپ، جېكقا قاراپ باش چايقىدى. جېك ئانىنانىڭ بۇنداق ئىپادىسىدىن چۆچۈپ كەتتى ۋە نېمە ئۈچۈنلۈكىنى سورىدى. ئانىنا دۇدۇقلىغىنىچە:

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى www.uyghurkitap.com

ــ چوقۇم دېيىشىم كېرەكمۇ، مېنىڭ سىزگە قانداقلىقىمنى بىلمەمسىز، ئەجەبا؟، ـ دېدى.

ــ مېنىڭ ئۆز ئاغزىڭىزدىن ئاڭلىغۇم بار،ــ دېدى جېك سىپايىلىق بىلەن. ئاننا جېكنىڭ ئىنتىزارلىققا تولغان كۆزلىرىگە قاراپ بىر هازا مۆڭلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى، لېكىن يەنىلا بېشىنى چايقىدى. جېك قەلبىدىكى ئۈمىدسىزلىكنى بېسىپ تۇرۇپ، بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى سورىدى. ئاننا هېقىغداپ يىغلىغىنىچە:

ــ گىرىن كېتىپ قالغاندىن كېيىن، مەن بۇ ئۆمرۈمدە ئىككىنچى بىرىگە سىزنى سۆيىمەن دېمەيمەن دەپ قەسەم ئىچكەن. جېك، مېنى كەچۈرۈڭ!ــ دېدى.

جېك بۇنى ئاڭلاپ جىمىپ كەتتى. گەپنىڭ راستىنى دېگەندە، جېك ئۆزىمۇ گىرىندىن تەسىرلىنىدۇ، گىرىن ئۆز جېنى بەدىلىگە ئاننانى قۇتقۇزغان. لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئاننانىڭ بۇنداق قەسەم ئىچكەنلىكىنى ئۇنىڭ چۈشىگىمۇ كىرىپ چىقمىغانىدى. بىر هازادىن كېيىن ئۇ يېنىڭ ئۇۋە تارتىپ:

ــ مەن سىزنىڭ ئېرىڭىزغۇ! ئەجەبا سىزنىڭ سىزنى سۆيىمەن دېگەن گېپىڭىزگىمۇ ئېرىشەلمەيمەنمۇ!؟ ـ دېدى.

ئاننا يىغلىغىنىچە توختىماي كەچۈرۈم سورايتتى. ئاننانىڭ بۇنچە ئازابلىنىشىغا چىدىمىغان جېك ئۇنىڭ يەنە كۆزىگە كىرىۋېلىشنى خالىماي چىقىپ كەتتى. ئەمما بىر ئاچچىق ئازاپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيىتتى.

## ئەرلىك غورۇر

بىر يىل ئۆتۈپ جېك، ئاننا باشلىق تاغقا چىققۇچىلار يەنە بىر قېتىم نېپالغا كېلىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ قېتىملىق نىشانى دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز چوققا چومۇلاڭما ئىدى. ئەگەر جېك بۇ يامىشىشتا غەلبە قازانسىلا، بۇ غەلبە ئۇنىڭغا جىق شان ـ شۆھرەت ئېلىپ كېلەتتى. يەنى ئۇ 8000 مېتىردىن ئېگىز چوققىلارغا چىقىپ، 14 قارلىق تاغنى بويسۇندۇرغان تەنھەركەتچى بولۇپ قالاتتى.

تاغقا چىققۇچىلار تېزلا يولغا چىقتى. ئۇلار بۇ تاغقا چىقىشنىڭ شۇنچە جاپالىق بولۇشىغا قارىماي، 8000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى زەربىدارلار لاگېرىدا بىر كېچە ئارام ئېلىپلا ئەتىسى قاق سەھەردىلا يەنە يولغا چىقتى. بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن ئۇلار چومۇلاڭمىنىڭ ئۈچىنى كۆردى. بۇ قولنى سۇنسىلا تۇتقىلى بولىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئەمما بۇ ۋاقىتتا كىشىنى تەئەججۈپلەندۈرىدىغان بىر ئىش بولدى. جېك باشقىلارنى هەيران قالدۇرىدىغان قارارنى دېدى. ئۇ ئەمدى چىقىشتىن ۋاز كەچكەنىدى.

هەممە هاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى ۋە ئۇنىڭدىن سوراشتى:

ــ بۇ نېمە ئۈچۈن؟ چومۇلاڭمىنىڭ ئۈچى كۆز ئالدىمىزدىلا، چوك شەرەپ سىزنى كۈتىۋاتىدۇ. جېك، نېمىشقا ۋاز كېچىسىز ؟

ــ مەن هېرىپ هالدىم،ــ دېدى جېك خورسىنىغىنىچە ۋە كۆپچىلىكنى ئۆزىنى دەپ ۋاقىتنى

كىچىكتۈرمەستىن چوققا ئۈچىغا چىقىۋېرىشقا ئىشارەتلىدى.

ئاننا ئاغزىنى ئۈمەللىدى، بىر گەپ دېگۈسى باردەك قىلاتتى، لېكىن ھېچنىمە دېمىدى. پەقەت جېكنىڭ پىشانىسىگە سوغوققىنە بىرنى سۆيۈپ قويۇپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ چوققىغا قاراپ مېڭىۋەردى. ئاننانىڭ شىۋىرغاندا بارغانسىرى ئۇزاپ كەتكىنىگە قاراپ، جېكنىڭ قار كۆزەينىكى ئاستىغا يوشۇرۇنىۋالغان كۆزلىرىدىن ياش تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئىچى پۇشۇقۇنىغىچە:

— ئاننا! بىلەمسىز، ھارغىنى مېنىڭ تېنىم ئەمەس، دىلىم،— دېدى.

جېك كۆزلىرىنى يۇمىۋالدى. خىيالىدا يەنە ئاننا پەيدا بولدى: ئۇ چوققىدا تىنچ تۇرۇپ، پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، قوللىرىنى كۆككە سوزۇۋاتاتتى. ئۇ ئاننانىڭ تاغقا پەقەت ئەرىشتىكى گىرىننى كۆرۈش ئۈچۈن چىقىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. جېكنىڭ ئەرلىك غورۇرى ئايالىنىڭ باشقا بىر ئەر بىلەن كۆرۈشۈشىگە چىداپ تۇرالمايتتى، مەيلى ئۇ ئەر ئەرشتە بولغان تەقدىردىمۇ...

## قويۇۋېتىلگەن قەسەم

جېك قاردا تىمتاس ئولتۇراتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن چوققىدىن تەنتەنە سادالىرى كەلدى. جېك ئەترەتتىكىلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق چىققانلىقى ۋە ھازىر بۇ خۇشاللىقىنىڭ پەيزىنى سۈرىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. تويۇقسىز جېكنىڭ يېنىدىكى سۇنئىي ھەمرالىق تېلېفون سايراپ كەتتى. ئېلىۋىدى، ئانناكەن. ئاننا تېلېفوندا:

— جېك! سىزنى سۆيىمەن،— دەپ توۋلايتتى. جېك قۇلىقىغا ئىشەنمەي دەماللىققا ھاڭۋېقىپ قالدى.

— جېك! سىزنى سۆيىمەن! سىزنى سۆيىمەن! ئاڭلاۋاتامسىز،— ئاننا توختىماي ۋارقىرايتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىغا گەرچە شىۋىرغاننىڭ گۈركىرەشلىرى قوشۇلۇپ كېتىۋاتسىمۇ، لېكىن جېك بۇگەپنى ئېنىق ئاڭلاۋاتاتتى. جېك يىغلاپ تاشلىدى:

— ئاڭلىدىم، ئاڭلىدىم! لېكىن... سىزنىڭ قەسىمىڭىز بار ئىدىغۇ!؟

— ئۇ ئاللىقاچان بىكار بولۇپ كەتتى، چۈنكى مەن ئەڭ ئېگىز چوققىغا چىقىپ گىرىنغا قەسەمنى ياندۇرۇپ بەردىم!

جېك ھەممىنى چۈشەندى. ئەسلىدە ئاننانىڭ يۇرتىدا كىمدەكىم ئۆزى قىلغان قەسىمىدە تۇرالمىسا، ئۇنى باغاقچىغا يېزىپ، باغاقچىنى تاغدا شامالللارنىڭ ئېلىپ كېتىشىگە قويۇپ بەرسە بولىدۇ، دەيدىغان بىر ئادەت بار ئىكەن. شۇڭا ئاننا بۇقېتىم كۆكتىكى گىرىن كۆرۈشكىلى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا قەسىمنى ياندۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن چىداپ تۇرۇپ تاغنىڭ ئەڭ ئۈچىغا چىققانىكەن.

ئاننا ئۇ يەردە يىغلاپ تۇرۇپ:

— بىلىمەن، گىرىن مېنى كەچۈرىدۇ، ئۇمۇ مېنىڭ ئۆتمۈشتە ياشاۋېرىشىمنى خالىمايدۇ. جېك، بۈگۈندىن باشلاپ مەن سىز بىلەن خۇشال ياشايمەن، مېنى كۈتۈڭ،— دەپ تېلېفۇننى قويىۋەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئەترەتتىكىلەر تېزلا يېنىپ چۈشتى. ئاننا جېكنىڭ يېنىغا دەلدەنگۈنچە كەلدى ۋە ئۇنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئاننا تېز ـ تېز نەپەس ئېلىپ:

ـ قەدىرلىكىم، سىزنىڭ بۇ كىچىككىنە بىلەن تاغقا چىقىشىڭىزغا گەپ كەتمەيدۇ. 13قارلىق تاغنى بويسۇندۇردىڭىز، ئەڭ ئاخىرقىسى قالغاندا بىز يەنە بىر قېتىم كېلەيلى،ـــ دېدى.

جېك بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قارلىق چوققىغا قارىدى. ئاندىن يەنە قويىنىدىكى هارغىن ئانناغا باقتى ۋە ئۇنى يېنىك بىرنى سۆيۈپ قويدى.

ـــ چىقمىساقمۇ بولىدۇ. بارلىق مۇۋەپپەقىيەت ۋە شەرەپلەرنى سىزنىڭ بىر ئېغىز «سىزنى سۆيىمەن» دېگەن گېپىڭىزگە تەڭ قىلمايمەن. مېنىڭ هازىر بىرلا ۋەزىپەم بار، ئۇ سىزنى تاغدىن ساق ـ سالامەت ئېلىپ چۈشۈش!» دېدى جېك چوڭقۇر هېسسىيات بىلەن.

بۇ ئەسەر « هېكايىلەر» ژۇرنىلى 2010 ـ يىللىق 3 ـ ئاي كېيىنكى ئايلىق سانىدىن تەرجىمە قىلىندى

# سادا ژۇرنىلى ئەسەر قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشى

سادا ژۇرنىلى 7 ـ سانى تەييارلىق خىزمىتى باشلاندى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن فاكۇلتېتىمىزدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا يۈزلىنىپ، ئەسەر قوبۇل قىلىمىز. ئەسەر ژانىرى چەكلەنمەيدۇ. ئەسەرلەر چوقۇم ژانىرى ئېنىق ئايرىلىشى، مەزمۇنى ساغلام، ئالىي مەكتەپ هاياتىنى باش تېما قىلغان، تۇرمۇشنى مەلۇم بەدىئىي سەۋىيەدە تەسۋىرلەپ بېرىشى كېرەك. 6 ـ ساندا قالدۇرۇلغان ئەسەرلەر قايتىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنسە بولىدۇ. ئەسەر تاپشۇرۇش ۋاقتى 9 ـ ئايدا ئايرىم ئۇقتۇرۇلىدۇ. ژۇرنالنىڭ ۋاقتىدا نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن، ساۋاقداشلارنىڭ تەتىل ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئەسەر تەييارلىشىنى ئۇقتۇرىمىز. ئەسەرنى كومپيۇتېردا، ئەلكاتىپ باسما خەت نۇسخىسىدا، 4 ـ نومۇرلۇق خەت ئۆلچىمىدە ئۆلچەملىك تەييارلاش كېرەك. ئانا يۇرت مەنزىرىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن فوتو ـ سۈرەت، رەسىم، هۆسنخەت، ئەدەبىي ئەسەرلەر ئالدىن تاللىنىدۇ. ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەر ئاپتورلىرى بىردەك قەلەم هەققىگە ئېرىشكەندىن سىرت، بىر دانە ژۇرنال بېرىلىدۇ، يىل ئاخىرىدا ئوقۇش نومۇرى قېتىلىدۇ.

**هۆرمەت بىلەن: سادا ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**
**2010 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى**




- ئاۋۋال ئۆزىنى مەسخىرە قىلالىغان كىشى، كېيىن باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرىمايدۇ.
- ئاچچىقلىنىش باشقىلارنىڭ كەمچىللىكى ئارقىلىق ئۆزىنى جازالاشتۇر. ھەسەتخورلۇق باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئارقىلىق ئۆزىنى ئازابلاشتۇر.
- ئابروي بانكىدىكى ئامانەت پۇلغا ئوخشايدۇ. ئىشلەتكىنىڭىز قانچە ئاز بولغانسېرى، ئىگە بولىدىغىنىڭىز شۇنچە كۆپ بولىدۇ.
- ھېسيات بىر توپ بۇلۇت، ئۇ داۋاملىق شامالغا ئەگىشىپ ئۇچۇپ يۈرۈيدۇ. ئەقىل بىر تۈپ دەرەخ، ئۇنىڭدىن شامالنىڭ ئىلىپ كېتەلەيدىغىنى پەقەتلا يوپۇرماق.
- يېڭىشنى ئويلىمىغان كىشى ئالللىقاچان يېڭىلىپ بولغان بولىدۇ.
- مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ خۇشال بولۇشى ناتايىن. ئەمما خۇشاللىقنىڭ ئۆزى بىر مۇۋەپپەقىيەتتۇر.
- غايە – كىچىك ۋاقتىمىزدا يو ئېتىپ دەپ قويغان ئىشلارنى رېئاللىقتا ئايلاندۇرۇش بولسا، ئۇنداقتا سىز زادى قانچىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالدىڭىز؟
- ئۆزۈڭ قىلالايدىغان ئىشلارنى دېگىن، دېگەن ئىشلىرىڭنى قىلغىن.
- بىر ئادەمنىڭ ئەڭ ئازابلىق ئىشى ئۆزى بولۇشنى خالىماسلىقىدۇر.
- ئۆزىنى ئۇنتۇيالىغان ئادەملا ئاندىن باشقىلار ئۇنتۇيالمىغۇدەك ئىشلارنى قىلالايدۇ.
- ئەگەر سىز پەيلىرىڭىزنى ھەددىدىن ئارتۇق ئاسرىسىڭىز ۋە ئۇنى ئازراقمۇ زەخملەندۈرۈشنى خالىمىسىڭىز، ئۇنداقتا كەلگۈسىدە بىر جۈپ ئۇچالايدىغان قاناتتىن مەھرۇم قالىسىز.
- ئادەم قانچىلىك ئۇزۇنغا ماڭالايدۇ؟ بۇنى ئىككى پۇتىڭىزدىن سورىماي، ئىرادىڭىزدىن سوراڭ.
- خىزمەت ـــ مائاشلىق ئۆگىنىش.
- خاپا بولۇشقا سەۋەب تاپالىغاندا، خۇشال بولۇشقىمۇ تاپالايسىز.
- قاراڭغۇلۇق ئىچىدە مېڭىشقا ئادەتلەنگەن ۋاقتىڭىزدا، ئالللىقاچان يورۇقلۇقنى تېپىپ بولغان بولىسىز.

«ياشلىق ئۇزۇندىلىرى» (青年文摘) ناملىق ژۇرنالدىن تەرجىمە قىلىندى

www.uyghurkitap.com

# يىللىق قىسقا خەۋەرلەر

2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تۈركىيە تىل قۇرۇمىنىڭ باشلىقى شۈكۈر خالىق ئاكالىن ئەپەندى «تۈركىيە تىل قۇرۇمى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 77يىللىقى ۋە پەن ـ تېخنىكا تەتقىقات نەتىجىلىرى» دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىدى.بۇ لېكسىيە ئوقۇغۇچىلارنىڭ چەتئەللەردىكى تىل تەتقىقات ئەھۋالىنى چۈشىنىشىگە شارائىت ياراتتى.

2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى فاكۇلتېت بويىچە ئىلغار ياتاقلارنى تەكشۈرۈش ـ باھالاش پائالىيىتى ئۆيۈشتۇرۇلۇپ، جەمئىي تۆرت ياتاق مۇنەۋۋەر ياتاق بولۇپ باھالاندى. بۇ قېتىملىق پائالىيەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ پاكىزە، ئازادە ياتاق مۇھىتى يارىتىپ، ياخشى ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى يېتىلدۈرۈشكە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى مەدەنىيەت پەنلىرى بىناسى ئاسپىرانتلار پائالىيەت مەركىزىدە «يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى كۈتۈۋېلىش سەنئەت كېچىلىكى» ئۆتكۈزۈلدى. كېچىلىككە فاكۇلتېتىمىزدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار قاتناشتى ۋە ھەر قايسى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى تەييارلىغان سەرخىل سەنئەت نومۇرلىرى ئورۇنلاندى. پائالىيەت ئاخىرىدا فاكۇلتېت رەھبەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ئوقۇغۇچىلاردىن كۈتىدىغان تەلەپلىرىنى ئوتتۇرغا قويدى.

2009 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى فاكۇلتېتىمىز ئۆتكۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتىدىكى باشقا فاكۇلتېتلارمۇ يېقىندىن ھەمكارلاشقان «مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتى ئوقۇغۇچىلىرى ۋەتەننى مەدھىيلەش مىڭ كىشىلىك ئىمزا قويۇش پائالىيىتى» ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەت ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ئۆستۈرۈلدى.

2009 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىن 9 ـ كۈنىگىچە ۋاسكىتبول، ۋالىبول مۇسابىقىسى قاتارلىق تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلدى ۋە فاكۇلتېتىمىز يېڭى ئوقۇغۇچىلىرى سەددىچىن سېپىلى مەنزىرە رايونلىرىدا ساياھەتتە بولدى. بۇ ئارقىلىق ساۋاقداشلارنىڭ بايراملىق دەم ئېلىش كۈنلىرىدىكى پائالىيەتلەر موللاشتۇرۇلۇپلا قالماستىن، يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمىدىكى ئازادە كەيپىيات يارىتىلدى.

2009 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى شىنجاڭ ئارخىلوگىيە تەتقىقات ئورنىدىن ئىدرىس

ئەپەندى شىنجاڭدىكى ئارخىلوگىيىلىك بايلىقلارنىڭ بايقىلىشى، تەتقىقات ئەھۋالى ۋە بۇ ئارخىلوگىيىلىك بويۇملارنىڭ قىممىتى توغرىسىدا بىر مەيدان ئېسىل لېكسىيە سۆزلىدى.

2009 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «بەدەن گۈزەللەشتۈرۈش گىمناستىكا مۇسابىقىسى» گە قاتنىشىپ 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ فاكۇلتېتىمىزنىڭ مۇشۇ تۈردىكى مۇسابىقىگە قاتناشقاندىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى نەتىجىسى بولۇپ، بۇ نەتىجە ساۋاقداشلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇشۇ خىل پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىشىغا ئىلھام بەردى.

2009 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ قۇربان ھېيت كۈنى، فاكۇلتېت رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ھېيتلىق سالاملىشىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. فاكۇلتېت سېكرېتارى ئەركىن ئابدۇللا نەق مەيدانغا كېلىپ پائالىيەتكە يىغىلغان پۈتكۈل ساۋاقداشلارنىڭ ھېيتىنى قۇتلۇقلىدى. بۇ پائالىيەت ئازادە كەيپىيات ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىپ ساۋاقداشلارغا ھېيت خۇشاللىقى ئاتا قىلدى.

2009 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، فاكۇلتېتىمىز 2008 ـ يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «يېڭى ئوقۇغۇچىلار ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى» دە، تاللاش مۇسابىقىسىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە كىردى ۋە كوللېكتىپ 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

2009 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى فاكۇلتېتىمىز ئوقۇتقۇچىسى تۇلپارئاي مۇئەللىم ھەققىي گۈزەللىك ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىدى.

2009 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن رىياسەتچىسى فاكۇلتېتىمىز 1992 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى ئۈمىد غەنى ئەپەندى بىلەن مىللەتلەر نەشرىياتىدىن دولقۇن قادىر ئەپەندى ئىككەيلەن كەسىپ ۋە مۇۋەپپەقىيەت ھەققىدە بىر مەيدان لېكسىيە سۆزلىدى. ئوقۇغۇچىلار قىزغىنلىق بىلەن قاتناشتى، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

2009 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى فاكۇلتېتىمىزدا «9 ـ دېكابىر ھەركىتى» نى خاتىرىلەش نەق مەيدان يېزىقچىلىق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. فاكۇلتېتىمىزدىكى ھەر قايسى يىللىقلاردىن 33 نەپەر ساۋاقداش ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىلىدا ماقالە يېزىپ قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇردى. ئاخىرىدا 9نەپەر ئوقۇغۇچى مۇكاپاتلاندى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقە ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىقچىلىققا بولغان قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

2009 ـ يىلى 12 ـ ئايدا بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى پېتىر زىمې ئەپەندى قەدىمكى ئۇيغۇر يادىكارلىقى «ئالتۇن يارۇق»، «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ھەققىدە، «گەنسۇدىن بايقالغان قەدىمكى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرى ھەققىدە» قاتارلىق تېمىلاردا بىر قاتار لېكسىيەلەرنى سۆزلىدى. بۇ لېكسىيىلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسپكە بولغان قىزغىنلىقىنى

www.uyghurkitap.com

يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى .

□2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى فاكۇلتېتىمىز بىلەن قازاق تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى بىرلىكتە ئالتايدىكى قار ئاپىتىگە ئۇچرىغان رايونغا ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئانا يۇرت ۋە خەلقىگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى . بىر تەرەپ قىيىنچىلىقتا ئۇچرىسا ھەر تەرەپ ياردەم بېرىدىغان ئېسىل روھنى جارى قىلدۇردى .

□2010 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى فاكۇلتېتىمىز تەتىل مەزگىلىدە ئۆيىگە قايتمىغان ئوقۇغۇچىلارنى خان سارىيىغا ساياھەتكە ئورۇنلاشتۇردى . بۇ پائالىيەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىشلىق تەتىللىك پائالىيىتىنى مولللاشتۇرۇپلا قالماي ،يەنە ياخشى بىر قېتىملىق كوللېكتىپ پائالىيەت بولدى .

□2010 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «ئىككى يىغىن ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش» دوستلۇق پائالىيىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى .

□2010 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى فاكۇلتېتىمىز بىلەن فولكلورشۇناسلىق فاكۇلتېتى ھەمكارلىشىپ سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى . پىلان بويىچە ئىككى فاكۇلتېت ھەمكارلىشىپ جەمئىيەت تەكشۈرۈش ۋە باشقا پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ، ئىككى فاكۇلتېتنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن كۈچ چىقاردى .

□2010 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى«نەۋرۇز» بايرىمىنى تەبرىكلەش يۈرۈشلۈك پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى . پائالىيەت ئەنئەنىۋى ساما ئۇسۇلى بىلەن باشلاندى ، پائالىيەت بېشىدا يەنە«ئابدۇرەشىد ئوقۇش مۇكاپات پۇلى» ۋە «تۇمارىس ئوقۇش مۇكاپات پۇلى» تارقىتىلدى . مۇراسىم زالى ئىچىدە ئورۇنلانغان ئەنئەنىۋىلىك بىلەن زامانىۋىلىق بىرلەشتۈرۈلگەن سەر خىل سەنئەت نومۇرلىرى پائالىيەت كەيپىياتىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈردى . ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئۆتكۈزۈشنى ئۈستىگە ئالغان ، تەييارلىق مائارىپ ئىنىستىتۇتى ھەمكارلاشقان بۇ قېتىمقى پائالىيەت ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى .

□2010 ـ يىل 4 ـ ئايدا تۇنجى سان «ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى گېزىتى» نەشىردىن چىقتى . بۇ گېزىت بىر تەرەپتىن فاكۇلتېتىمىزنى مەكتەپتىكى باشقا فاكۇلتېتلارغا تونۇشتۇرىدىغان كۆزنەك بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن فاكۇلتېتىمىز ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرىدىغان سەھنە ھازىرلىدى .

□2010 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى فاكۇلتېت ساۋاقداشلارنىڭ دەرستىن سىرتقى تۇرمۇشىنى بېيىتىش ، ئۇيۇشۇش كۈچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ ، فاكۇلتېتتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى «شىدۇ مەنزىرە ساياھەت رايونى» نى ساياھەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى . بۇ قېتىمقى ساياھەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىنلىقى ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىسىدا خۇشال كەيپىيات بىلەن ئېلىپ بېرىلىپ ياخشى ئاخىرلاشتى .

2010 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى «ماي گۈلى» ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى مەكتەپ مۇراسىم زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. فاكۇلتېتىمىز ھەر قايسى يىللىقلىرىدىن تەشكىللەنگەن 80 نەپەر ساۋاقداش ماھارىتىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، كوللېكتىپ 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.



2010 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۆزبېكىستاندىن كەلگەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتچىسى گۈلنىسا نازاروۋا خانىم «چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر تىلى لېكسىكا تەتقىقاتى» ھەققىدە بىرمەيدان لېكسىيە سۆزلىدى. لېكسىيىگە فاكۇلتېتىمىزدىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ۋە تولۇق كۇرۇس ۋە ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلىرىمۇ قاتناشتى.

2010 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت تەشكىللىگەن تەشۋىقات ئۆمىكى مەكتىپىمىزگە كېلىپ، مەكتىپىمىزدىكى ھەر مىللەتتىن بولغان شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارغا شىنجاڭنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالىدىن لېكسىيە سۆزلىدى.

2010 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى فاكۇلتېتىمىزنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك «قوش تىلدا نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى» ئۆتكۈزۈلدى. مۇسابىقىگە ھەر قايسى يىللىقلاردىن 11نەپەر ساۋاقداش قاتناشقان بولۇپ، بۇلاردىن 7نەپەر ساۋاقداش ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتلار بىلەن مۇكاپاتلاندى.

2010 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ۋە دۆلەتلىك تەرجىمە ئىدارىسىدىن تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلار ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇن ۋەكىللىرى سۈپىتىدە، ئادەم

www.uyghurkitap.com

ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ قوبۇل قىلىنغۇچىلارغا قويىدىغان تەلەپلىرى، يۈز تۇرانە ئىمتىھاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار قاتارلىق مەسىلىلەردە لېكسىيە سۆزلىدى. بۇ لېكسىيە ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەت ئىزدەش، جەمئىيەت ئېھتىياجىدىن خەۋەردار بولۇشى ئۈچۈن ياخشى بىر سائەتلىك دەرس بولدى.

2010 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى «1 ـ ئىيۇن خەلقئارا بالىلار بايرىمى» مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭغا ساياھەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان 100نەپەر ئۆسمۈر مەكتىپىمىزگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيىدە بولدى.

2010 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كەچتە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر پائالىيەت مەركىزىدە 2005 ـ يىللىق ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئۇزىتىش كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى. كېچىلىكتە سەرخىل نۇمۇرلار ئورۇندىلىپ، كەيپىيات ناھايىتى قىزغىن داۋاملاشتى. كېچىلىكتە يەنە 2005 ـ يىللىق سىنىپ كوللىكتىۋى ئورۇندىغان نۇمۇر ھەممەيلەننى تەسىرلەندۈردى. ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ كەلگۈسىگە بەخت تىلەپ، كېچىلىك غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى.

رەتلىگۈچى: ئاينۇرقىز (2007)        تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئاسىمە ئىلھام (2006)






# ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى



بىر كۈن بۇرۇن تېرىساڭ، ئۈچ كۈن بۇرۇن يىغىسەن.

بىلىكى چوڭ بىرنى يېڭەر، بىلىمى چوڭ مىڭنى.

بىلىملىكنىڭ كۆزىدە ئالەم، بىلىمسىزنىڭ كۆزىدە مالەم.

پادىشاھلىق ئەل بىلەن، تۆمۈرچىلىك يەل بىلەن.

پادىشاھ ئادىل بولسا، پۇقرا مايىل بولار.

پۇتۇڭنىڭ توغرىلىقىغا قارىما، يولۇڭنىڭ توغرىلىقىغا قارا.

پۈت يۈگۈرۈكى ئاشقا، ئېغىز يۈگۈرۈكى باشقا.

پۇل ئالدىدا ئېزىقما، مەنسەپ ئالدىدا قىزىقما.

پۇل ئەقىل ئۆگىتەر، تون مېڭىشنى تۈزىتەر.

پۇل بار چاغدا مىڭى دوست، پۇل يوق چاغدا قېنى دوست.

پۇل ـ مال كېتەر بوشلۇقتىن، پۇرسەت كېتەر خۇشلۇقتىن.

تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولىدۇ.

تىكەن بولۇپ پۇتقا كىرگۈچە، چىمەن بولۇپ باشقا قادال.

چۈمۈلىنىڭ پۇتىدىن ئۆگەن، قۇشقاچنىڭ تىلىدىن ئۆگەنمە.

خەقنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتان بول.

دەرد قورۇقى كېتەر، ئاچ قورۇقى كەتمەس.

دوستۇڭغا دەرد كەلسە، دۈشمىنىڭنىڭ تويى بولار.

راست گەپ بوسۇغىدىن چىققۇچە، يالغان گەپ تاغ ئېشىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 心声

（内刊）

目录

## 人物

导师应该如此……………………………吾买尔江•斯马依力 1
民大棋王的故事………………………………本刊记者 7
心里话……………………………………伊孜拉•外力 11

## 故事

楼兰……………………………………………玉苏甫•肉孜 17
知心朋友…………………………………土尔克扎提•拜斯尔 19
乞丐之战…………………………努尔艾合买提•买合木提 23
“儿子”…………………………………买力叶木古丽•吐孙 27
“骆驼”中学开会之写照………………… 米合热拉•台外库28

## 散文园地

爱的世界……………………………………伊力哈木江•尤努斯 30
无声的爱……………………………………肉孜阿吉•依马木 34

## 小百科

国际母语日………………………………力提甫•托合提 36

## 优秀毕业论文

维吾尔语的拉丁文拼写…………………肖克热提•阿布拉 37

关于“鸟语”的文学价值……………呼西旦•阿布都西库 52

## 诗歌赏析

美丽的梦………………………………米娜瓦尔•艾合买提 69

节日快乐…………………………………库尔班•瓦哈甫 70

青春…………………………………………托合提•努尔 72

友谊时分………………………………阿力木江•托合提 74

## 译　从

你带手帕了吗？. . . . . . . . . . . . . . . . . 吾买尔江•斯玛依力 76


坚定的信念是成功的开始. . . . . . . . . . . . 阿斯玛•伊拉木 87

想说爱你不容易……………………迪丽阿热姆•外力 88

思维之花 ……………………………玛依热姆•图尔荪托合提 93

## 年度新闻

年度新闻 ……………………………………阿依努尔克孜 94

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 心声

（内刊）

顾　　问：力提甫·托乎提

艾力肯·阿不都拉

指导老师：阿布都鲁甫·普拉提

依马木·毛拉洪

麦麦提

主编：吾买尔江·斯马依力

副主编：迪丽阿热姆·外力

美术主编：阿布都米吉提·阿布都拉

编委成员：吾买尔江· 斯马依力、 迪丽阿热姆·外力、托合提·努尔、阿依古再丽·阿卜杜萨拉木、库尔班·瓦哈甫、土尔克扎提·拜斯尔、阿布都韦力·帕拉提、果海尔妮萨·热合曼、古丽柯孜·托合提、买力叶木古丽、阿不力米提·阿不都热合曼

校对：阿斯玛·伊拉木、哈尼克孜·麦托乎提、玛依拉·吾斯曼、玛伊热姆·图尔逊托乎提

记者：伊孜拉·外力、奇曼姑丽·许克力、依斯马依力·艾肯木

打字员：先米西喀买尔·尼亚孜

封面设计：肖克热提·阿不拉